دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى

# سەت ئۆردەك



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# سەت ئۆدەك

دوستۇم        گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق ـ بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل     ئاينىڭ     كۈنى.

# مۇندەرىجە



سەت ئۆردەك ........ 1
تاشپاقا بىلەن توشقان ........ 11
ئاق لەيلەكنىڭ ئۈچ ئېلىشى ........ 14

چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ........ 16
بۆرە بىلەن تۇرنا ........ 18
ئابرۇيپەرەس قاغا ........ 20

ئاچ كۆز ئاغمىخان ........ 23
بۆرە بىلەن قوزىچاق ........ 26
مايمۇن پادىشاھ ........ 28

چۈمۈلە بىلەن قارا چېكەتكە ........ 30
تۈلكە بىلەن ئۈزۈم ........ 33
ئات بىلەن ئېشەك ........ 36

شىر پادىشاھ ........ 38
شۆھرەتپەرەس بۇغا ........ 40
ئات بىلەن بۆرە ........ 42

شىر بىلەن چىۋىن ........ 44
تۈلكە بىلەن قاغا ........ 46
چاشقان بىلەن شىر ........ 48

بىلەرمەن ئېشەك ........ 50
ھايۋانات ۋە ۋابا ........ 52
ئاچ كۆز ئىت ........ 54
ئۆتۈك كىيگەن مۈشۈك ........ 55
كەپسىز بالا دىشىل ........ 64
دېھقان، يىلان ۋە تۈلكە. ........ 70

ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال ........ 76

مۇناردىكى جادۇگەر ........ 84
يەتتە كونا ئەسكەر ........ 86
تەلەيسىز باتۇر ........ 92
قىزىل ئەجدىھا ........ 96

ھاماقەت دىھنىس ........ 98


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# سەت ئۆردەك

دانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇن ناھايىتى چىرايلىق بىر جاي بار ئىكەن. بۇ يەردە ياپيېشىل دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. دەرەخلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيى زۇمرەت-تەك سۈزۈك بىر كۆل بار ئىكەن. كۆلدە بىر توپ ئۆردەكلەر ئەركىن ئۈزۈپ ئوينايدىكەن.

مۇشۇ جايدا بىر قېرى ئۆردەك چۈجىلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىرنەچچە تۇخۇمنى بېسىپ ياتقانىكەن. خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن تۇخۇملار يېرىلىپ، بىر - بىرىدىن ئوماق ئۆردەك چۈجىلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ. ئانا ئۆردەك خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ.

— غاق! غاق! — دەپتۇ ئۇ بالىلىرىغا. بالىلىرىمۇ ئۇنى دوراپ غاقىلداشقا باشلاپتۇ.

— بۇ دۇنيا نېمىدېگەن چوڭ! — دېيىشىپتۇ چۈجىلەر. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى دۇنياسى تۇخۇمنىڭ ئىچىگە قارىغاندا بۆلەكچىلا چوڭ ئىكەن.

— ھەممىڭلار تەل بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا ئۆردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، — ۋىيەي، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ بۇ چوڭ تۇخۇم تېخىچە شۇ پېتى تۇرۇپتۇغۇ، ئۇ يەنە قانچىلىك تۇرىدىغاندۇ؟

ئانا ئۆردەك قېپقالغان چوڭ تۇخۇمنى يەنە بېسىپ يېتىپتۇ.

— ھەي، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە بىر قېرى ئۆردەك ئۇنى يوقلاپ كېلىپ.





— بىر تۇخۇم قالدى، بۇ تۇخۇمنى باستۇرۇشقا جىق ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ئانا ئۆردەك، — ھازىرغىچە يېرىلمىدى.

ئانا ئۆردەك بىرنەچچە قېتىم تۇخۇم بېسىپ باققان بولسىمۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئۇزاق ۋاقىت يېتىپ باقمىغانىكەن.

تۇخۇم ئاخىر يېرىلىپ، ئىچىدىن ناھايىتى چوڭ ھەم سەت بىر چۈجە چىقىپتۇ. «ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن سەت، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق نېمە بۇ! — دەپتۇ ئانا ئۆردەك، — ئۇ باشقا باللىرىمغا زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ھېلىقى قېرى ئۆردەكنىڭ دېگىنىدەك، ئۇ كۈركە توخۇنىڭ چۈجىسىمىدۇ يا؟ بوپتۇ، بۇنى بىر سىناپ باقاي، سۇغا چۈشمىسە، تېپىپ بولسىمۇ چۈشۈرەرمىنا!»

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆردەك چۈجىسى ئانا ئۆردەك ئائىلىسىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بەكلا سەت بولغاچقا، ھەممەيلەن «سەت ئۆردەك» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق، شۇنداق چىرايلىق كۈن بوپتۇ. ئانا ئۆردەك باللىرىنى باشلاپ ئۆستەڭگە كەپتۇ - دە، بىرىنچى بولۇپ ئۆزى سۇغا چۈشۈپتۇ، ئارقىدىن ئۆردەك چۈجىلىرى بىر - بىرلەپ چۈشۈپ، سۇغا بېشىنى چۆكۈرۈپ - چىقىرىپ ئويناپتۇ. ھېلىقى سەت ئۆردەك چۈجىسىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ئۈزۈپ ئويناپتۇ.

«ئۇ كۈركە توخۇ ئەمەسكەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئانا ئۆردەك، — ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ سۇدىكى ھەرىكىتى نېمىدېگەن ئەپچىل، ئۈزۈشلىرىچۇ تېخى! ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئىكەن. تازا ئىنچىكە قارىساڭ، ئۇمۇ خېلىلا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن…»

سەت ئۆردەكنىڭ قورسىقى يامان ئىكەن، ئۇ يېسە - يېسە تويمايدىكەن، دائىم ئاكا - ئاچىلىرى بىلەن يېمەكلىك تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدىكەن.

قورساقتا بەك ئامراق بولغاچقىمىكىن، سەت ئۆردەك ناھايىتى تېز چوڭ





www.uyghurkitap.com



بوپتۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ بىرمۇ دوستى يوق ئىكەن. ئاكا - ئاچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ سەتلىكىدىن نومۇس قىلىدىكەن، قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۇچرىغانلا يەردە ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدىكەن.

لېكىن، ئانا ئۆردەك ئۇنى قىلچە يەكلىمەيدىكەن، بەلكى ئەڭ ئامراق بالىلىرى قاتارىدا كۆرىدىكەن.

— ئۇنداق قىلماڭلار! ئۇ سەت بولسىمۇ مېنىڭ بالام، — دەيدىكەن ئانا ئۆردەك. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدىكەن. ھەممىسىلا ئۇ بىچارىنى قوغلىۋېتىشنىڭ كويىدا ئىكەن. قېرىنداشلىرى سەت ئۆردەكنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، ئۆزلىرىدىن يىراقراق تۇرۇشنى تىلەيدىكەن، ھەتتا بەزىدە: «سەن سەتنى مۈشۈك يەۋەتسىكەن ئىلاھىم» دېيىشىدىكەن. ئۆردەكلەر ئۇنى چوقۇلايدىكەن، ئۆردەك جۈجىلىرى ئۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئانا ئۆردەكمۇ سەت ئۆردەكتىن بىزار بولۇپ: «بىچارە سەت ئۆردىكىم، نېمىشقىمۇ ئاكا - ئاچىلىرىڭدىن بۇنچە پەرقلىنىدىغانسەن؟ يىراق جايغا كەتسەڭمۇ بوپتىكەن» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

سەت ئۆردەك ئانىسىنىڭمۇ بارغانسېرى ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن چېغىدا كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ.

بىچارە سەت ئۆردەك قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، «مېنى ياخشى كۆرىدىغان ھېچكىم قالماپتۇ، بۇ يەردە تۇرۇشۇمنىڭ يولى قالمىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئاخىر ئۇ چىتلاقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

سەت ئۆردەك يۈگۈرە - يۈگۈرە كەڭرى بىر ئېتىزلىققا كېلىپ قاپتۇ.

ئېتىزلىقتا دانلاپ يۈرگەن قۇشلار ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ ئاسمانغا ئۇچۇشۇپتۇ. «بۇمۇ مېنىڭ سەت بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك!» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قېچىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بىر كۆلنىڭ بويىدىكى چاتقاللىققا كېلىپ قاپتۇ. چاتقاللىقتىكى قۇشلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— ياخشىمۇسىلەر، مېنىڭ ئىسمىم سەت ئۆردەك، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مەنمۇ بىر ئۆردەك. ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر ماڭا ئوخشاش كۆل رەڭ ئۆردەكنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

قۇشلار ئۇنىڭ ئۆردەك ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قورقمايدىغان بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەرھالدا دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا باشلاپتۇ.

— مەن ئۆردەك دېگىن، ھېچ ئوخشىمايدىكەنسەن، — دەپتۇ ئۇلار، — بىز ساڭا ئوخشايدىغان ئۆردەكنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان!

سەت ئۆردەك ئۈمىدسىزلەنمەي يەنە داۋاملىق ئالغا مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا، ياۋا ئۆردەكلەر ياشايدىغان سازلىققا بېرىپ قاپتۇ. بەك چارچىغانلىقى ۋە روھى چۈشكۈن بولغانلىقى سەۋەبىدىن تۈن بويى قىمىر قىلماي يېتىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا، ياۋا ئۆردەكلەر ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى دوستىغا قارىشىپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەممىسىگە ئىززەت بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولغان سەت ئۆردەك بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆرۈلۈپ تەزىم قىپتۇ.

— مەن سەت ئۆردەك، — دەپتۇ ئۇ، — سىلەر ماڭا ئوخشاش كۆل رەڭ ئۆردەكنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

ياۋا ئۆردەكلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزئارا قارىشىپتۇ، ئاندىن باشلىرىنى چايقىشىپتۇ.





www.uyghurkitap.com



— بىز سېنىڭدەك سەت ئۆردەكنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، — دەپتۇ ياۋا ئۆردەكلەر، — بىزنىڭ جەمەتتىكى بىرەرسىگە ئۆيلەنمىسەڭلا بولدى، سېنىڭ سەت بولغىنىڭنىڭ بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق.

بىچارە سەت ئۆردەك ئۆيلىنىشنى زادىلا ئويلىنىپ باقمىغانىكەن. ئۇ ياۋا ئۆردەكلەر مېنىڭ قومۇشلۇقتا يېتىشىمغا، سازلىقتىكى سۇدىن ئانچە-مۇنچە ئىچىشىمگە رۇخسەت قىلسىلا بولاتتى، دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلىدىكەن. چۈنكى، ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنىكەن، ئارامخۇدا ئارام ئېلىشقا تەشنا ئىكەن.



ئۇ بۇ يەردە توپتوغرا ئىككى كۈن يېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئىككى ياۋا غاز ئۇچۇپ كەپتۇ. ئانىسىنىڭ تۇخۇمىدىن ئەمدىلا چىققان بۇ غازلار ئىنتايىن كەپسىز ئىكەن.

— هەي دوستۇم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — سەتلىكىڭدىن ئايلىنىپ كېتەي، شۇنداق بولسىمۇ بىز سېنى ياقتۇرۇپ قالدۇق. يەنە بىر سازلىقتا بىرنەچچە غاز بالىسى بار، ئۇلار قىزلار. ئۆزۈڭ سەت بولساڭمۇ، بېرىپ تەلىيىڭنى سىناپ باقمامسەن؟



شۇ ئەسنادا «پاڭ - پۇڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھېلىقى ئىككى ياۋا غاز قومۇشلۇقتا يىقىلىپتۇ، بىردەمدىلا ئەتراپ قانغا مىلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە «تاڭ - تۇڭ» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قومۇشلۇقتىكى توپ - توپ ياۋا غازلار ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئوۋچىلار قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ ياتقانىكەن. بىر چاغدا ئىتلار يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن، بىچارەت سەت ئۆردەك قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، بېشىنى قاناتلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. بىر ئىت ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇرنىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ، يەنە كەينىگە يېنىپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

«خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ سەت ئۆردەك يېنىك تىنىپ، — سەتلىكىم ئەسقاتتى، سەتلىكىمدىن ئۇۋ ئىتىمۇ مېنى چىشلىمىدى.»

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەتراپ جىمىپتۇ. سەت ئۆردەك سازلىقتىن قېچىپ، ماڭا - ماڭا بىر دېھقان موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان موماي ئۇنى قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ.

«ئەمدى مەندە ئۆردەك تۇخۇممۇ بولىدىغان بولدى. ئىلاھىم بۇ چىشى ئۆردەك بولغىيدى» دەپ ئويلاپتۇ موماي.



مومايىنىڭ بىر مېكىيىنى ۋە بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. موماي سەت ئۆردەككە ياخشى يېمەكلىكلەرنى بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ تۇغماپتۇ.

— سەن مەندەك تۇخۇم تۇغالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مېكىيان.

— ياق، — دەپتۇ سەت ئۆردەك.

— ئەمىسە، مېنىڭدەك مىياڭلىيالامسەن؟ — دەپتۇ مۈشۈك.

— ياق، — دەپتۇ سەت ئۆردەك.

— ئەمىسە، دۈمبەڭنى كۆتۈرەلەمسەن؟ كۆزۈڭدىن ئوت چاقنىتالامسەن؟

— ياق، — دەپتۇ سەت ئۆردەك بېشىنى چايقاپ.

— سەن تۇخۇم تۇغمىساڭ، موماي سېنى قازاندا دۈملەپ پىشۇرۇپ يەۋېتىدۇ، مەن سېنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ غاجايمەن! — دەپتۇ مۈشۈك سەت ئۆردەكنى قورقۇتۇپ.

سەت ئۆردەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

— ئاھ خۇدا، — دەپ نالە قىپتۇ ئۇ، — بۇ دۇنيادا مېنى ياقتۇرىدىغان بىرەرسى تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئىگىسىنىڭ سەت ئۆردەكنى ئەتىۋارلاپ بېقىشىغا چىدىيالماي قالغان مېكىيان بىلەن مۈشۈك ئۇنى هويلىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بىر كۈنى سەت ئۆردەك ماڭا - ماڭا بىر قومۇشلۇققا كېلىپ قاپتۇ.

«مېنى هېچكىم ياقتۇرمايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى بىر ئۆمۈر مۇشۇ يەردە تۇراي» دەپ ئويلاپتۇ سەت ئۆردەك.

بۇ يەردە يېمەكلىكلەر ئىنتايىن مول ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ سەت ئۆردەكنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ يالغۇزلۇقتىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ، چۈنكى ئۇ تولىمۇ سەت بولغاچقا، بۇ يەردىكى هايۋانلارمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىكەن.



كۈز كېلىپ، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. هاۋامۇ مۇزلاپ مۆلدۈر يېغىشقا، قار يېغىشقا باشلاپتۇ. قاغىلار مۇزلىغىنىدىن «قاق! قاق!» دەپ قاقىلدىشىپتۇ. بىچارە سەت ئۆردەكنىڭ كۈن ئېلىشى تېخىمۇ تەسلىشىپتۇ.



بىر كۈنى كۆكتە سەپەر قىلىپ چارچىغان قۇياش ئۇپۇققا پېتىپ كېتىۋاتقاندا، بىر توپ قۇشلار كۆكتىن قاتار تىزىلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. سەت ئۆردەك ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قۇشلارنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇلار قاردەك ئاق، بويۇنلىرى ئۇزۇن ھەم يۇمشاق ئىكەن، غەلىتىلا سايرايدىكەن. شۇ تاپتا ئۇلار قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ ئۇچقىنىچە، قىش كېلىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەن بۇ يەردىن ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن. بۇ قۇشلار ئاق قۇلار ئىكەن. بەكمۇ ئېگىز، بەكمۇ ئېگىز ئۇچىدىكەن.

ئۇلارنى كۆرۈپ سەت ئۆردەك قاتتىق ھەۋەس قىپتۇ، ئەگەر مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە، دەپ ئويلاپتۇ.



ھاۋا قاتتىق سوۋۇپ كېتىپتۇ. سەت ئۆردەك سۇنىڭ يۈزى مۇز تۇتۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۇياق - بۇياققا توختىماي ئۈزۈپتۇ. لېكىن، سۇ يۈزى بارغانسېرى مۇز تۇتۇشقا باشلاپتۇ. بىچارە ئۆردەك: «مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، مەن ئۈزگۈدەك يەرمۇ قالماي قالىغۇدەك» دەپ ئەنسىرەپ، پۇتلىرىنى تىنماي پالاقلىتىپتۇ. ئاخىرى ئۇ ھېرىپ ھېچ ماجالى قالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ئەتىگەندە بىر دېھقان بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ:
«ھەي بىچارە، ئىغىر كۈنگە قاپسەن ـ ھە!» دەپتۇ دېھقان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئاندىن مۇزنى چوقۇپ ئۇنى مۇز ئاستىدىن چىقىرىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ ۋە باللىرىغا ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپتۇ.
دېھقاننىڭ باللىرى بەك كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل باللار ئىكەن. ئۇلار سەت ئۆردەكنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ.
ئىسسىق ماكان، ئىللىق مۇئامىلە، ياخشى ئوزۇقلۇقلا ئېرىشكەن سەت ئۆردەك قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىپتۇ، ئەمما بۇنى ئۆزى سەزمەپتۇ.
باھار كەپتۇ. بىر كۈنى دېھقان سەت ئۆردەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىۋاتقانىدا، باللىرى:
— دادا، دادا، ئۇنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ چۇۋۇرلىشىپتۇ.
— ھاۋا ئىسسىدى، باللىرىم، بۇ قۇش ئەمدى تەبىئەت قوينىغا قايتىپ بېرىشى كېرەك، — دەپتۇ دېھقان ۋە سەت ئۆردەكنى ھېلىقى قومۇشلۇق كۆلگە ئەكىلىپ سۇغا قويۇپ بېرىپتۇ.
سەت ئۆردەك كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپتۇ، كۆرۈپتۇيۇ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاراپلا قاپتۇ. بۇ بىر مۆجىزىغۇ! شۇ تاپتا ئۇ سەت ھەم ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى ئۆردەك ئەمەس، بەلكى چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىپ قالغانىكەن.
«بۇ راستىنلا مەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن، — ياق، مەن ئەمەس!»
ئۇ ئەتراپىغا قاراپتۇ، بىراق شۇ تاپتا بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئۇ يەنە سۇغا قاراپتۇ. يەنە شۇ چىرايلىق ئۆردەك ئوخشاشلا ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئەمدى سۇدىكى شولا ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ شولىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. توۋا، ئۇ ئەسلىدە بىر ئاق قۇ ئىكەن ئەمەسمۇ!



ئۇ بۇرۇن تارتقان ئازابلىرىغا ئەمدى خۇشال بوپتۇ، بەخت ۋە گۈزەللىك ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپتۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە كۆكتە ئاق قۇلارنىڭ سايراشلىرى ئۈزۈلمەپتۇ، ئىسسىق ياقلارغا كەتكەن توپ - توپ ئاق قۇلار كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ناتونۇش، ئەمما تولىمۇ چىرايلىق بىر ئاق قۇنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھەيران بوپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇنى مېھىر بىلەن سۆيۈپتۇ.

بىر كۈنى كۆل بويىغا بىرنەچچە بالا كېلىپ، سۇغا بىرمۇنچە بولكا ئۇۋاقلىرى ۋە بۇغداي دانلىرىنى تاشلاپ، ئاق قۇلارنىڭ دانلاشلىرىنى تاماشا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بىردىنلا:

— يېڭى ئاق قۇ كەپتۇ، ئۇنىڭغا قاراڭلار! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ.

— ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېيىشىپتۇ قالغان باللارمۇ.

ماختاشلاردىن خىجىل بولغان ئاق قۇ بېشىنى قاناتلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىپتۇ، ئەمما زادىلا مەغرۇرلانماپتۇ. بۇرۇن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى خارلىغانلىقىنى، مەسخىرە قىلغانلىرىنى ئويلاپتۇ. ئەمدى باشقىلارنىڭ ئەڭ گۈزەل قۇش دەپ ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئاپئاق پەيلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇزۇن بويىنىنى تېخىمۇ سوزۇپ، ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان خۇشاللىقى بىلەن: «مەن سەت ئۆردەك ۋاقتىمدا، بۇنداق بەختلىك بولىمەن دەپ ئويلىمىغاندىم» دەپ سايراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاشپاقا بىلەن توشقان

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففىندىننىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئورمانلىقتا تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانلار ياشايدىكەن. ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا بىر پوچى توشقان بار ئىكەن. ئۇ دائىم: «بۇ دۇنيادا تېز يۈگۈرۈشتە ماڭا تەڭ كېلەلەيدىغان ھېچكىم يوق» دەيدىكەن. پو ئېتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرسىغۇ مەيلىدى، بىرلا ئۇ تاشپاقىنى ئۇچرىتىپ قالسىلا: «ھەي كالامپاي، ھەي مىس - مىس» دەپ زاڭلىق قىلىپ چىشىغا تېگىدىكەن.

تاشپاقا خېلى كۆنلەرگىچە توشقاننىڭ زاڭلىق قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماي يۈرۈپتۇ، لېكىن توشقان بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— گەپ قىلماي يۈرسەم ئەجەبمۇ ئۆزۈڭنى بىلمەي كەتتىڭ! — دەپتۇ تاشپاقا توشقانغا غەزەپ بىلەن قاراپ، — ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا قالتىس چاغلاپ كەتمە. سەن بىلەن يۈگۈرۈشۈپ بېقىشقا مانا مەن تەييار!

تاشپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان توشقان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— پاھ - پاھ، ماۋۇ نوچىنى كۆرمەمدىغان! ھەي خالايىق، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ تاشپاقا مەن بىلەن يۈگۈرۈشكۈدەك!

— شۇنداق! مەن سەن بىلەن يۈگۈرۈشىمەن! — دەپتۇ تاشپاقا توشقاننىڭ زاڭلىق قىلىشىغا پەرۋا قىلماي.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىيلەن يۈگۈرۈشۈپ باقماقچى بوپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان يەرگە يېتىپ كەپتۇ، ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى يىغىلىشىپتۇ.



رېپېرى كىرپىنىڭ بايراقنى بىر پۇلاڭلىتىشى بىلەن مۇسابىقە باشلىنىپتۇ.

ياۋاش تاشپاقا ئەزمىلىك بىلەن قەدەم تاشلاپ يۈگۈرۈش سىزىقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ يولغا چىقىپتۇ. توشقان بولسا، بىر ئەسنىۋېتىپ بىرلا سەكرەپ سىزىقتىن ئۆتۈپتۇ - دە، ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

توشقان خېلى يۈگۈرگەندىن كېيىن ئارقىغا قارىسا، تاشپاقا باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئانچە يىراقلىشالماپتۇدەك. بۇنى كۆرگەن توشقان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ - دە، بىردەم ئۇخلىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ قويۇق ئۆسكەن، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر چۆپلۈكتە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە كۆزىنى يۇمۇپتۇ. ئۇ ياۋا گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

قانچىلىك ئۇخلىغانلىقى نامەلۇم، توشقان بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. قارىسا، تاشپاقا تېخى يۈگۈرۈش مۇساپىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىمۇ بېسىپ بولالماپتۇدەك.

«ھەي بىچارە تاشپاقا، مەن بىلەن مۇسابىقىلەشكىنىڭگە تويىدىغان بولدۇڭ - دە! — دەپ ئويلاپتۇ توشقان دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، — مەن چۈشلۈك تامىقىمنى يەۋېلىپ يۈگۈرسەممۇ ئوخشاشلا سېنى يېڭۋالىمەن!»

توشقان بىر كۆكتاتلىققا كەپتۇ - دە، تازا ئوخشىغان بىر تۇپ يېسىۋىلەكنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورسىقى بەك تويۇپ كەتكەن توشقاننى يەنە ئۇگدەك بېسىپتۇ. ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن يىراققا قارىسا، تاشپاقا يەنە شۇ ئەزمىلىكى بىلەن ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، تەرلەپ - پىشقىنىچە مېڭىپ مۇساپىنىڭ ئاران يېرىمىنى بېسىپ بوپتۇدەك.

«ئاخىرقى نۇقتىغا ئالدىراپ بېرىۋېلىپ نېمە قىلىمەن! — دەپتۇ توشقان ئۆزىنى چۆپلۈككە تاشلاپ، — يەنە بىردەم ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن يۈگۈرسەممۇ يەنىلا تاشپاقىنىڭ ئالدىدا يېتىپ بارىمەن ئەمەسمۇ!»

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قاپتۇ. تاشپاقا ئەتىگەندە ماڭغىنىچە زادىلا توختاپ قالماپتۇ، ئۇ ماڭا - ماڭا، ئاخىرقى نۇقتىغا ئازلا قاپتۇ.

توشقان چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، قارىسا، يىراقتا ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلاپ قالغان تاشپاقا بىر قارا چېكىتتەكلا كۆرۈنۈۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. توشقان شۇنداق يۈگۈرۈپتۇكى، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ دېمىنى ئالالماي قاپتۇ.

توشقان شۇنچە يۈگۈرۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، تاشپاقىدىن بىر قەدەم كەينىدە قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توشقان ئۆزى كۆزگە ئىلماي زاڭلىق قىلىپ يۈرگەن تاشپاقىغا يېڭىلىپ قاپتۇ!

ئەتراپتىكى ھايۋانلار چاۋاك چېلىپ تاشپاقىنى تەبرىكلەپتۇ، توشقانغا قاراپ كۈلۈشۈپتۇ. ھارغان ھەم قاتتىق خىجىلچىلىقتا قالغان توشقان ھالسىزلانغان ھالدا تاشپاقىنىڭ يېنىغا يېقىلىپتۇ. تاشپاقا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئاخىر سېنى يېڭىۋالدىم. ‹مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟!





# ئاق لەيلەكنىڭ ئۆچ ئېلىشى

فرانسىيە مەسەلى
(ئەسلى ئەسەر: رافقېندىننىڭ)

بىر كۈنى تۈلكە بىللە غىزالىنىش ئۈچۈن ئاق لەيلەكنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن، «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، تۈلكە ئەسلىدە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاق لەيلەكنى كولدۇرلاتماقچى بولغانىكەن. شۇڭا، ئۇ شورپىنى ئىككى ئىچى تېيىز تەخسىگە ئۇسۇپ جوزىغا قويۇپتۇ.

— قېنى، شورپىغا مەرھەمەت قىل، ئاق لەيلەك خانىم! — دەپتۇ تۈلكە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — بۇ پاقا گۆشى بىلەن كەرەپشىدە قىلىنغان شورپا. تەمى ئاجايىپ مەززىلىك دېگىنە!

ئاق لەيلەك شورپىنى پۇراپ بېقىپلا، شۇ هامان تۈلكىنىڭ ئۆزىنى كولدۇرلاتماقچى ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئىنتايىن ئۇزۇن بولغاچقا، قانداقلا قىلغىنى بىلەن تەخسىدىكى شورپىنى ئىچەلىشى مۇمكىن ئەمەس - دە!

ئاق لەيلەك تۈلكىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماپتۇ. ئۇ بىتاپ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— بېشىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ، بۈگۈن تازا ئىشتىهايىم يوق! — دەپتۇ.

تۈلكە ئىچىدە كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن، ئېچىنغان قىياپەتتە تامىقىنى چاكىلدىتىپ سۆزلەپتۇ:

— شۇنداقمۇ؟ تازا چاتاق بولدى - دە! بۇ شورپا تازا ئوخشاپتىكەن! ئىسسىت، ئېغىز تېگەلمەيدىغان بولدۇڭ - دە! بوپتۇ، كېلەر قېتىم...

— توغرا! — دەپتۇ ئاق لەيلەك ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — يەنە پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ. هە راست، ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ چۈشلۈك تاماقتا مەن بىلەن بىللە بولساڭ تولىمۇ خۇشال بولاتتىم!

— چاتاق يوق! — دەپتۇ تۈلكە ئىككى تەخسىدىكى شورپىنى ئىچىۋېتىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتىسى، تۈلكە ئاق لەيلەكنىڭكىگە بېرىپتۇ. ئاق لەيلەك ئۇنى قىزغىن
قارشى ئاپتۇ ۋە:
— مەن ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان غىزا راسلىدىم. بۈگۈن بىز
قىسقۇچپاقا يەيمىز، ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىچىمىز! — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كېلىپ، ئىختىيارسىز
تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپتۇ. لېكىن، ئاق لەيلەك ئۇنىڭ ئالدىغا خۇددى گۈل ۋازد-
سىغا ئوخشايدىغان قاچىنى قويۇپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! ئۇ تىلىنى قاچى-
نىڭ ئىچىگە ھەرقانچە سوزغان بولسىمۇ، قىسقۇچپاقىغا يەتكۈزەلمەپتۇ.
ئاق لەيلەك بولسا، ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن مېيى ئېقىپ تۇرغان قىسقۇچپاقا
گۆشىنى بىمالال قىسىپ ئېلىپ غىزالىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەنە تېخى:
— قېنى، تۈلكىجان، تارتىنما، ئېلىۋەر! سەن قىسقۇچپاقا گۆشىگە
ئامراق ئىدىڭغۇ! — دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، تۈلكە كۆزىنى پارقىراتقىنىچە ئاق لەيلەكنىڭ غىزالىنى-
شىغا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.
كەچتە، ئاچ قورساق تۈلكىنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ئۇيان
ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە:
— ھەي - ي، بۈگۈن بۇ ھالغا قېلىشىمنى بىلگەن بولسام، تۈنۈگۈن
ھېلىقى ئىشنى قىلمىغان بولاتتىم! — دەپتۇ.



# چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: رافھندىننىڭ)

نۇرغۇن - نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى، بىر چاشقانچاق ئۆز ئۆيىنى زېرىكەرلىك ھېس قىلىپ، سەپەرگە چىقىپ دۇنيانى ئايلىنىپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر ئەتىگىنى ئۇ يولغا چىقىپ، يول بويى ئەتراپنى سەيلە قىلغاچ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كۆككە بوي سوزغان دەل - دەرەخلەر، بىپايان دالىلار، غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر، گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئويناپ يۈرگەن كېپىنەكلەر... ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سېپتۇ.

چاشقانچاق ماڭا - ماڭا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دېھقاننىڭ ھويلىسىدا چاشقانچاق شۇ چاغقىچە كۆرۈپ باقمىغان ئىككى ھايۋان بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى يوغان، چىرايلىق بولۇپ، تۆت پۇتلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە دىردىيىپ تۇرغان ئاجايىپ بۇرۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ، تام تۈۋىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. يەنە بىرى ئىككى پۇتلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن پەيلىرى تولىمۇ رەڭدار ئىكەن. ئۇ چاشقانچاققا غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىچە، مەيدىسىگە ھە دەپ ئۇرۇپ، «قى - قى - قىق» دەپ توۋلاپ، ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن چاشقاننىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كاللىسىغا: «دەرھال قاچاي!» دېگەندىن باشقا ھېچقانداق خىيال كەلمەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاشقانچاق «چىر -
چىر» چىرىلدىغىنىچە ئار-
قىغا بۇرۇلۇپتۇ - دە، بەدەر
تىكىۋېتىپتۇ. ئۇ قېچىپ
كېتىۋېتىپ، تام تۈۋىدىكى
بىر كامارنى كۆرۈپ قاپتۇ -
دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆ-
زىنى كامارغا ئېتىپتۇ.
كاماردا ئۈچ دالا چاش-
قىنى بار ئىكەن. ئۇلار كۈ-
تۈلمىگەن مېھماننى كۆرۈپ
قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ -
دە، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە قې-
تىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.
— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە ئىش بولدى، چىرايىڭدا قان قالماپتۇ،
نېمىدىن ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ چاشقانلار بىردەمدىن
كېيىن ئېسىگە كېلىپ.
— مەن… مەن يىراقتىن كەلگەن، — دەپتۇ چاشقانچاق
ھاسىرىغان ھالدا. ئۇ چاشقانلارغا بايا ئۆزى ئۇچراتقان ھايۋانلارنى سۆرەت-
لەپ بېرىپتۇ:
— ئۇلارنىڭ بىرى چىرايلىق ھەم مۇلايىم ئىكەن، قانات - پەيلىرى
رەڭدار يەنە بىرى بار ئىكەن، مۇشۇ چاغقىچە ئۇنىڭدەك ئاچچىقى يامان،
رەھىمسىز ھايۋاننى كۆرۈپ باقمىغانمەن.
ئۈچ دالا چاشقىنى كۈلۈپ كېتىپتۇ:
— بولدى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندۇق. بۇياققا كەل،
قەھۋە ئىچ. سەن ئۆزۈڭنىڭ قانداق خەتەرگە دۇچ كەلگەنلىكىڭنى بىلىپ
يەتمىدىڭمۇ؟ ئوبدان ئۇققۇۋال، سېنى قورقۇتۇۋەتكەن ھايۋان — خوراز.
بىراق، سەن چىرايلىق، مۇلايىم دەۋاتقان ھېلىقى ھايۋان بولسا، بىز چاشقان-
لارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى — مۈشۈك! ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنى ئۇخلا-
ۋاتقان چاغدا كۆرۈپ قاپسەن. ئەگەر ئۇ سېنى كۆرۈپ قالغان بولسا، سەن
بىزگە كەچۈرمىشلىرىڭنى سۆزلەپ بېرەلمىگەن بولاتتىڭ. ھەي نادان، ئې-
سىڭدە چىڭ تۇت، ھەرقانداق چاغدا تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باشقىلارغا
باھا بەرگىلى بولمايدۇ.

# بۆرە بىلەن تۇرنا

يۇنان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئاچ كۆزلۈك ۋە رەھىمسىزلىكتە سېسىق نامى پۇر كەتكەن بىر بۆرە ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىر قوزىنى تۇتۇۋاپتۇ.

بۆرە يۇمشاق ھەم مەززىلىك قوزا گۆشىنى تازا ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا، ئۇچلۇق بىر سۆڭەك ئۇنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قاپتۇ. بۆرە ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ سۆڭەكنى يۇتۇۋېتەلمەپتۇ.

گېلىنىڭ دەھشەتلىك ئاغرىقىغا چىدىيالمىغان بۆرە يەردە دومىلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، بىراق سۆڭەكنى يەنىلا چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ، ئەمما بۇ ھايۋانلار بۆرىنىڭ ئەسكىلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغۇسى كەلمەي، ئۆزلىرىنى چەتكە ئاپتۇ.

بۆرە تۈلكىگە دەردىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ.

— بولىدۇ، مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي، -- دەپتۇ تۈلكە، — يېقىن ئەتراپتا بىر كۆل بار. بۇ كۆلدە ياشايدىغان قىزىل قاشقىلىق تۇرنا ئۇستا دوختۇر. شۇنىڭ قېشىغا بار، ساڭا ياردەم بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بۆرە ئالدىراپ - تېنەپ كۆلنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئېيتقىنىدەك، كۆل بويىدا بىر قىزىل قاشقىلىق تۇرنا مېڭىپ يۈرگۈدەك. بۆرە مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل تۇرنا، گېلىمغا تۇرۇپ قالغان سۆڭەكنى ئېلىۋەتسەڭ، مەن ساڭا ياخشى ھەق بەرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

تۇرنا بۆرىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ قاپتۇ.

— بولىدۇ، ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — قېنى، ئاغزىڭنى يوغان ئاچ.





www.uyghurkitap.com

بۆرە ئاغزىنى شۇنداق ئاچقانىكەن، تۇرنا ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر چىشلارغا تولغان قانلىق ئاغزىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز «غال - غال» تىترەپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، ئۇزۇن تۇمشۇقىنى بۆرىنىڭ گېلىغا تىقىپ، ھېلىقى سۆڭەكنى تارتىپ چىقىرىپتۇ.

— ئۇھ، ئەجەب يەڭگىل بولۇپ قالدىم! — دەپتۇ بۆرە قاتتىق خۇشال بولۇپ، — ئاخىر قۇتۇلدۇم بۇ مەرەزدىن!



— دوختۇرلۇق ھۈنىرىمنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى كۆرگەنسەن! — دەپتۇ تۇرنا مەغرۇرلانغان ھالدا، — قېنى، ماڭا بېرىدىغىڭنى بەر!...

بۆرە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ:

— سەن بېشىڭنى گېلىمغا تىققان چاغدا، مەن ئۇنى چاينىۋەتمىدىم، شۇڭا سەن ماڭا ھەق بېرىشىڭ كېرەك!

تۇرنا شۇنى تونۇپ يېتىپتۇكى، رەزىل بۆرىدىن ھېچقانداق ياخشىلىقنى كۈتكىلى بولمايدىكەن! شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ھاياتىمغا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان ئاغرىقلارنىلا داۋالايمەن!» دەپ قەسەم قىپتۇ.



# ئابرۇيپەرەس قاغا

فرانسىيە مەسىلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بۇرۇنسىدا، بىر قاغا ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا قونۇپتۇ. قارىسا، ھويلىدا ئىككى توز مېڭىپ يۈرگۈدەك. قاغا بۇنداق چىرايلىق، بۇنداق ئېسىل قۇشنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

قاغىنى كۆرگەن بىر توز رەڭدار، ئۇزۇن قۇيرۇقىنى يەلپۈگۈچتەك يېيىپ، مەغرۇر قەدەم تاشلىغان ھالدا قاغىنىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىپتۇ، يەنە تېخى ئاجايىپ نەپىس ئاھاڭدا سايراپتۇ. قاغا تېخىمۇ زوقلىنىپ، توزنى ئىختىيارسىز ماختاپ كېتىپتۇ.

قاغا توزنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قاغا ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھېلىقى ئىككى توزنى ھەرقانچە قىلىپمۇ خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. ئۇلار شۇنچە چىرايلىق ئىكەن، شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ بەك كۆڭۈللۈك بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. قاغا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە قارا تۈكلىرىگە قاراپ، ئىختىيارسىز ئازابلىنىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، قاغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ھېلىقى دېھقاننىڭ ھويلىسىغا بېرىپ ئىككى تۈزنىڭ ئېسىلزادىلەرگە خاس قىياپىتىنى ئوغرىلىقچە تاماشا قىلىدىغان، كۆرگەنسېرى ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەسەت قىلىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى كەچ كىرىپ قۇياش تاغ كەينىگە پاتقاندىن كېيىن، دېھقاننىڭ ھويلىسىنى ئوغرىلىقچە ماراۋاتقان قاغا چۈشۈپ قالغان بىر تال تۈز پېيىنى تېپىۋېلىپ قاتتىق خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. «بۇنداق پەيدىن يەنە بىرنەچچە تالنى تېپىۋالسام...» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ۋە تۈز پېيىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈندە ئۇنىڭ تېپىۋالغان تۈز پەيلىرى تۆت تالغا يېتىپتۇ.

«ئەمدى مەنمۇ تۈزغا ئوخشاش چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم!» دەپ ئويلاپتۇ قاغا خۇشال بولۇپ. ئۇ تۆت تال تۈز پېيىنى دېۋىرقاي بىلەن ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا چاپلاپتۇ ـ دە، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، مەغرۇر ھالدا:

— مېنىڭ چىرايلىق قۇيرۇقۇمغا قاراڭلار! مەن ئەمدى سىلەردەك سەت ئەمەس! ھوي سەتلەر، نېرى تۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

قاغىلار بۇ ئابرۇيپەرەس ھەمراھىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ:

— ھەي ئەخمەق، چىرايلىق پەيلەرنى يېپىشتۇرۇۋالغىنىڭ بىلەن، سەن يەنىلا بىر قاغا!

بۇ ھاكاۋۇر قاغا ئۇلارنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي:

— ھەرقايسىڭ نېمىنى بىلىشىسەن؟ مەن ئەمدى سىلەردەك ئەخمەق، سەت مەخلۇقلار بىلەن بىللە تۇرمايمەن! — دەپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تۈزلار بىلەن بىللە تۇرماقچى بولۇپ، ھېلىقى دېھقاننىڭ ھويلىسىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ئىككى توز ئۇنى كۆرۈپ: «بىزگە ئوخشاش توز ئىكەن، ئىستىپەيلىرىنىڭ تولىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە!» دېيىشىپتۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

قاغا تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەتتا توزلارنىڭكىدەك نەپىس ئاھاڭدا سايراشنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ:

— قاق! قاق! قاق!

بۇ نەدىمۇ توزنىڭ سايرىشى بولسۇن! قاغىنىڭ بۇنداق قاقىلدىشى ئىشنى چاندۇرۇپ قويۇپتۇ. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن توزلار قاغىغا ئېتىلىپتۇ ـ دە، ئۇ قۇيرۇقىغا يىپىشتۇرۇۋالغان توز پەيلىرىنى چىشلەپ يۇلۇۋېلىپ، ئۆزىنى قوغلىۋېتىپتۇ.

بىچارە قاغا روھى چۈشكەن ھالدا دوستلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار:

— سەن ئەسلي زاتىڭدىن چانغان تۇرۇقلۇق، نىمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ يوقال! — دەپ قوغلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توزغا ئايلىنىشنىڭلا كويىدا يۈرگەن بۇ قاغىنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بوپتۇ.





# ئاچ كۆز ئاغمىخان

فرانسىيە مەسەلى

(ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تولىمۇ ئاچ كۆز بىر سېرىق ئاغمىخان بولغانىكەن. ئۇنىڭ نېمە ئۇچرىسا شۇنى يەيدىغان ئادىتى بار ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئاشلىق ئامبىرىدا بىرنەچچە دانە پالاق تۇخۇمنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ دائىملىق ئادىتى بويىچە بۇ تۇخۇملارنى «غۇرتتىدە» يۇتۇۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ بىرنەچچە كۈن ياتقاندىن كېيىن ئاران ساقىيىپتۇ.

ئاغرىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان سېرىق ئاغمىخان ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، قورسىقى قوۋۇرغىلىرىغا چاپلىشىپ، ئىشتىنىنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

«ئەھۋال چاتاق! بۇنداق يۈرسەم ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — چوقۇم ئوبدانراق نەرسە تېپىپ قورساقنى تويغۇزمىسام بولمىغۇدەك!»

ئۇ ھاۋادىن تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پۇراقنىڭ كېلىش يۆنىلىشى بويىچە مېڭىپ، بىر كەنتنىڭ چېتىدىكى كىچىك مېھمانسارايغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تۇمشۇقىنى تامنىڭ يوچۇقىغا تىققانىكەن، تېخىمۇ مەززىلىك پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلۇپتۇ.

سېرىق ئاغمىخان تىرناق ۋە چىشلىرى بىلەن تامدىكى يوچۇقنى جېنىنىڭ بارىچە كولاپتۇ، تاشلارنىڭ ئارىلىقىدىكى لايىنى تاتىلاپ - تىرمىلاپ چۈشۈرۈپ، ئاخىر بىر تۆشۈك ئېچىپتۇ.

ئۇ تۆشۈكتىن ئىچىگە كىرگەنىكەن، كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنۈش پەيدا بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ يېمەكلىك ئامبىرىغا كىرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! بۇ يەردە سۈرلەنگەن گۆش، قىزا، پىشلاق، ھەسەل، مېۋە مۇراببَاسى، مېۋە مېغىزى دېگەندەك ئېسىل يېمەكلىكلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرغانىكەن.





www.uyghurkitap.com

«ئوھۇ، ئامەت دېگەن مۇشۇ - دە! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ سېرىق ئاغمىخان، — نېمىدېگەن كۆپ نەرسىلەر بۇ! نېمىنى خالىسام شۇنى يەيدىغان بولدۇم - دە، ئەمدى!»

سېرىق ئاغمىخان تۇرۇپ ئىشكاپقا سەكرەپ چىقىپ، تۇرۇپ سېۋەتلەرنى ئېچىپ، تۇرۇپ ئېسىقلىق تۇرغان قىزىلارغا تۇمشۇق سوزۇپ توختىماي يېيىشكە باشلاپتۇ. ئانچە ئۆتمەي ئۇنىڭ قورسىقى كۆپتەك بولۇپ كېتىپتۇ.

قورسىقى بەك تويۇپ كەتكەن سېرىق ئاغمىخاننى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر سېۋەتنىڭ ئۈستىدە سۇنايلاپ ياتقىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئويغىنىپ يەنە يەپتۇ، ئاندىن يەنە ئۇخلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ماغدۇرى ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ.

سېرىق ئاغمىخان قورسىقىنى راسا توقلاپتۇ، غىزالىنىپ بولۇپ ئۇخلاپتۇ، ئويغانغاندىن كېيىن يەنە قورساق توقلاپتۇ، قورساق توقلاپ بولۇپ يەنە ئۇخلاپتۇ… شۇ تەرىقىدە راھەت - پاراغەتتە ياشاپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. سېرىق ئاغمىخان شۇنداق سەمرىپ كېتىپتۇكى، ئىشتىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولماپتۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سېرىق ئاغمىخان بىر تال قىزىنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا، ئىشىك ئېچىلىپ، بىركىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ.

سېرىق ئاغمىخان ھودۇققان ھالدا ئەتراپىغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپتۇ - دە، ئۆزىنى ھېلىقى تۆشۈككە ئېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بېشى ۋە مۈرىسى تۆشۈككە پاتقىنى بىلەن، يوغان قورسىقى كەپلىشىپ قاپتۇ! قوۋۇۋەتلىك ئىككى قول ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

— ھۇ نومۇسسىز ئوغرى! سەن تېخى قاچماقچىمۇ؟

شۇ تاپتا سېرىق ئاغمىخان يەنە ئاچ قېلىشنى، قورسىقىنىڭ قوۋۇرغىلىرىغا چاپلىشىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىپتۇ. بۇ ئارزۇ ئاڭلىماققا غەلىتە بولسىمۇ، بىراق بۇ ئاچ كۆز سېرىق ئاغمىخاننىڭ ئاشۇ چاغدا خىيالىغا كەلتۈرگەن بىردىنبىر ئارزۇسى بولۇپ قاپتۇ.





# بۆرە بىلەن قوزىچاق

يۇنان مەسىلى (ئەسلىي ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

بۇرۇنىسىدا، بىر ئورمانلىقتا ئىنتايىن ۋەھشىي بىر بۆرە ياشىغانىكەن. بىر كۈنى بۆرە سۇ ئىچكىلى ئېرىق بويىغا كەلسە، ئاپئاق بىر قوزىچاق تۆۋەنكى ئېقىندا سۇ ئىچىۋاتقۇدەك. ئۇنى كۆرگەن ھامان بۆرىنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ، كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ قوزىچاقنى ئۆزىنىڭ چۈشلۈك تامىقى قىلىش كويىدا مۇنداق چوت سوقۇپتۇ:

«بۇگۈن راستىنلا ئامىتىم كەلدى. بەزى - بەزى چاغلاردا لەنىتى تايغانلارنىڭ مېنى قوغلاپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق تەلەيلىك! ماۋۇ قوزىچاقنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى مېنىڭ يولۇمنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرمامدۇ ئەنە! ئۇنىڭ گۆشى چوقۇم يۇمشاق ھەم يېيىشلىك! مەن شۇنداق باھانە تاپايكى، باشقىلارنىڭ مېنى ياۋۇزلۇق، يولسىزلىق قىلىپ ئۇنى يەۋەتتى، دەپ سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈشكە قىلچە يوچۇق قالمىسۇن!»



بىخىرامان سۇ ئىچىۋاتقان قوزىچاق يۇقىرى تەرەپتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بوغۇق، قوپال ئاۋازنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ھەي شۇمتەك، ئەجەب نوچى بولۇپ كېتىپسىنا!

— بۆرە جانابلىرى، مەن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ — دەپ سوراپتۇ قوزىچاق ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا.

— نېمە گۇناھ قىلدىم دەيسەنغۇ تېخى! مەن ئىچىدىغان سۇنى پاسكىنا قىلىۋېتىپسەن، بۇنىڭدىن ئېغىر گۇناھ بولامدۇ بۇ جاھاندا!

— كەچۈرۈڭ، بۆرە جانابلىرى، — دەپتۇ قوزىچاق ھەيران بولۇپ، — سىز ئېرىقنىڭ يۇقىرىسىدا، مەن بولسام تۆۋىنىدە تۇرسام، قانداقمۇ سىز ئىچىدىغان سۇنى پاسكىنا قىلىۋېتەلەيمەن؟

بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىپ بېرەلمىگەن ۋەھشىي بۆرە دەرھال باشقا سەۋەب تېپىپتۇ:

— يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا سەن مېنى ياۋۇز، ئۆكتەم، دەپسەن!

قوزىچاق قورقىنىدىن پەس ئاۋازدا سۆزلەپتۇ:

— ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، بۆرە جانابلىرى، ئەزەلدىن سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىپ باققان ئەمەسمەن! يەنە كېلىپ، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا مەن تېخى تۇغۇلمىغان تۇرسام، سىز توغرۇلۇق يامان گەپ قىلىشىم قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!

— بوپتۇ، بۇ گەپلەرنى سەن قىلمىغان دەپ تۇرايلى، ئەمما دادىڭ شۇنداق دېگەن. بۇنىڭ جازاسىنى سەن تارتماي مەن تارتاتتىممۇ؟!

بۆرە شۇنداق دەپتۇ - دە، ئېتىلىپ بارغان پېتى بىچارە قوزىچاقنى بىرنەچچە يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ.





# مايمۇن پادىشاھ

فرانسىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: رافنېندىننىڭ)

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئورمانلىقتا ئۇزاق يىللار ھۆكۈم سۈرگەن شىر پادىشاھ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك يا ئوغلى، يا قىزى يوق ئىكەن، شۇڭا ھايۋانلار يېڭىدىن پادىشاھ سايلىماقچى بوپتۇ.

شىر پادىشاھنىڭ ياقۇت كۆزلۈك تاجى بار ئىكەن. ھايۋانلار: بۇ تاج كىمنىڭ بېشىغا دەل كەلسە، شۇ پادىشاھ بولسۇن، دەپ قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرلەپ بۇ تاجنى كىيىپ ئۆزلىرىنىڭ تەلىيىنى سىناشقا باشلاپتۇ.

تاجنى يولۋاس كىيىپ بېقىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ بېشىغا دەل كەلمەپتۇ، ئېيىق كىيىپ باققانىكەن، تېخىمۇ يېقىن كەلمەپتۇ، بۆرە كىيگەنىكەن، تاج ئۇنىڭ بوينىغا كىيلىپ قاپتۇ... ئىشقىلىپ، كىيگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بېشىغا توغرا كەلمەپتۇ.

كىمنى پادىشاھ قىلىشنى بىلەلمەي ھايۋانلارنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بىر كەپسىز مايمۇن تاجنى بېلىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ ھە دەپ ئايلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ. كېيىن ئۇ ھاۋاتاپان بولۇپ، تاجنى پۇتى بىلەن ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەپچىل، قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى ئەتراپتىكى ھايۋانلارغا ياراپ كېتىپتۇ.

— قالتىس! قالتىس ئويندىڭ!

— ياشا! ياشاپ كەت!

ھايۋانلارنىڭ ئاپىرىن، بارىكاللىرى ئورمانلىقنى بىر ئاپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار بۇ مايمۇننى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت تۈلكىلا قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بۇنداق ھاماقەت ئەبلەخ بىز ھايۋانلارغا پادىشاھ بولسا، بۇ بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ! ياق، ئۇنىڭ بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىم كېرەك. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تەختتىن چۈشۈرىمەن! — دەپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە ئۈۋچىلار ئورمانلىقنىڭ چېتىگە قويۇپ قويغان قاپقانغا دەسسۋالغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ بۇ قاپقاننى مايمۇن تۇرىدىغان دەرەخنىڭ تېگىگە ئاستاغىنا يۆتكەپ قويۇپتۇ.



تۈلكە قاپقاننى غازاڭلار بىلەن يېپىپ قويغاندىن كېيىن، بىر تال يوغان باناننى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— مايمۇن پادىشاھ ئالىيلىرى! مەن بۇ باناننى جانابلىرىغا تەقدىم قىلماقچى ئىدىم. لېكىن، مەن دەرەخكە چىقىشنى بىلمەيمەن، سىلى پەسكە چۈشۈپ بۇ سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلىۋالسىلا بوپتىكەن، — دەپتۇ.

مايمۇن ئازراقمۇ گۇمانلانماي دەرەختىن پەسكە چۈشۈپتۇ، نەتىجىدە قاپقانغا دەسسىۋېلىپ ، پۇتلىرىنى قاپقان قىسىۋاپتۇ.

تۈلكە ئىڭراۋاتقان مايمۇننىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ:

ھەي ھايۋانلار، بۇياققا كېلىڭلار! پادىشاھىمىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قويۇڭلار! — دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ.

ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار بىردەمدىلا بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. تۈلكە مايمۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ دۆتلۈكىگە قاراڭلار! ئۇ بىر تال باناننى دەپ قاپقانغا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئۆزىدىنمۇ تۇزۇكرەك خەۋەر ئالالمايۋاتقان يەردە، ئۇنىڭ بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟!

ھايۋانلار مايمۇننىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى كۆرۈپ باشلىرىنى چايقىغىنىچە:

— راست، تۈلكە راست ئېيتىدۇ! بۇ ھاماقەت ھەرگىز بىزنىڭ پادىشاھىمىز بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىكەن! — دېيىشىپتۇ ۋە پادىشاھلىق تاجىنى مايمۇندىن تارتىۋاپتۇ.



# چۈمۈلە بىلەن قارا چېكەتكە

يۇنان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئېزوپنىڭ)

بۇرۇنىسىدا، بىر ھويلىدا بىر تۈپ چىلان دەرىخى بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ ئېگىز، بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، پۈتۈن ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. چىلان دەرىخىنىڭ تېگىدە بىر كامار ئىكەن. بۇ چۈمۈلە پادىشاھلىقى ئىكەن. قاتار - قاتار چۈمۈلىلەر ھەر كۈنى چىلان دەرىخىنىڭ تېگىدە تىنىماي ئىشلەيدىكەن.

پىژغىرىم ئىسسىق بولۇۋاتقان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر قارا چېكەتكە بۇ ھويلىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ چىلان دەرىخىنى كۆرۈپ: «پاھ، نېمىدېگەن باراقسان، نېمىدېگەن ئېگىز چىلان دەرىخى بۇ - ھە! ئۇنىڭ ئۈستىنى ماكان تۇتۇپ جاھاننىڭ ھۇزۇرىنى كۆرمەيمۇ!» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

قارا چېكەتكە يوپۇرماقلىرى تازا قويۇق، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بىر شاخقا يامىشىپ چىقىپتۇ - دە، سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، ئاندىن زوق - شوق بىلەن چىرىلداپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

دەرەخنىڭ تېگىدە چۈمۈلىلەر تەرلەپ - پىشقان ھالدا كامارغا بۇغداي دانلىرىنى توشۇۋاتقانىكەن. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ناخشا ساداسى ئۇلارنى جەلپ قىلىۋاپتۇ، لېكىن بىرەرسىمۇ ئىشتىن توختاپ قالماپتۇ.

— قەدىرلىك چۈمۈلىلەر، — دەپتۇ قارا چېكەتكە، — سىلەر بۇنچە جاپا تارتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ يېنىمغا كېلىپ سايىدىغاچ، مەن بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىساڭلار بولمامدۇ؟

چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ، بەلكى ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، قارا چېكەتكە! — دەپتۇ چۈمۈلىلەر، — سەن بىزنى يېنىڭغا تەكلىپ قىلىۋەرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋەر. بىزنىڭ سەن بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق. بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ ئوزۇق - تۈلۈك يىغىپ، ئاشلىق ئامبىرىمىزنى تولدۇرۇ-





ۋالمىساق بولمايدۇ. ھازىر تەييارلىقنى پۇختا قىلىۋالساق، قەھرىتان قىش كۈنلىرىدىن خاتىرجەم ئۆتۈۋالالايمىز.

«تازىمۇ ھاماقەت بىرنېمىلەر ئىكەن - دە، بۇلار! — دەپ ئويلاپتۇ قارا چېكەتكە، — قىش كۈنلىرىدىن ئازراقمۇ شەپە يوق تۇرسا، بۇنچە جاپا تارتىپ ئوزۇق - تۈلۈك يىغىشنىڭ نېمە ھاجىتى! ياز تېخى ئەمدى باشلاندى، ياز كۈنلىرى تېخى ئۇزۇن!… ۋاييەي، بولدىلا، بۇ ئەخمەقلەرنىڭ غېمىنى يەپ نېمە قىلاي! ئەڭ ياخشىسى سازىمنى چېلىپ، ناخشامنى ئېيتىپ كۈنلىرىمنى خۇشال ئۆتكۈزەي!»

شۇنداق قىلىپ، قارا چېكەتكە پۈتۈن يازنى توختىماي ناخشا ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ، چۈمۈلىلەر بولسا تىنىمسىز ئىشلەش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلىشىپ، ئايلار ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. كۈز كەپتۇ، غازاڭ بولغان چىلان يوپۇرماقلىرىنى كۈز شامىلى پاك - پاكىز ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. قارا چېكەتكە يالىڭاچلىنىپ قالغان چىلان شاخلىرىدىن ئايرىلىپ، پاناھلىنىش ئۈچۈن غازاڭلارنىڭ ئارىسىدىن ماكان تېپىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

قىش پەسلى يېتىپ كەپتۇ. شىۋىرغان چىقىپ، سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتكۈدەك سوغۇق زېمىننى قاپلاپتۇ. يازچە ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپ، قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ غېمىنى قىلمىغان قارا چېكەتكە ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرىدىغان، بەزى - بەزىدە ئۇچراپ قالغان ئوت - چۆپ يوپۇرماقلىرى بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلەپ، ئاچ - توق ياشايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەپتۇ. ئۇدا بىرنەچچە كۈن قار يېغىپ، پۈتۈن زېمىن ئاپئاق قار ئاستىدا قاپتۇ. قارا چېكەتكىنىڭ بۇنچە قېلىن قارنىڭ ئاستىدىن يېمەكلىك تېپىپ يېيەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس - دە! شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوغۇقتا غال - غال تىترەپ، ئاچلىقتا ئۈچەيلىرى تارتىشىپ شۇمشىيىپلا قاپتۇ. ئۇ قايغۇرغان ھالدا ئىللىق ياز كۈنلىرىنى، ئۆزى ئېيتقان يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئەسلەپ ياش تۆكۈپتۇ.

بىر كەچتە، قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن قارا چېكەتكىنىڭ ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. ئۇ ياز بويى تىنماي ئىشلىگەن چۈمۈلىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكىنى غەملەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ يىراقتىكى خىرە چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئېچىرقىغان ھەم ھالىدىن كەتكەن قارا چېكەتكە پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ قېلىن قارنى كېچىپ، چىراغ كۆرۈنۈۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

— قەدىرلىك چۈمۈلىلەر، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — ئىشىكنى تېزرەك ئېچىڭلارچۇ! مەن قارا چېكەتكە! توڭلاپ كەتتىم، قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتتى، پاناھلانغۇدەك ماكانىممۇ يوق! ماڭا يېگۈدەك نەرسە بېرىڭلار!

بىر چۈمۈلە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپتۇ.

— قارا چېكەتكە؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بىز قىشنىڭ غېمىنى يەپ ئىشلەپ يۈرگەندە، سەن نېمە قىلغانىدىڭ؟

— مەن؟ مەن ناخشا ئېيتقانىدىم!

چۈمۈلە قارا چېكەتكىنى مەسخىرە قىپتۇ:

— ناخشا ئېيتتىم دېدىڭما؟ توغرا، سەن پۈتۈن يازنى ناخشا ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىڭ. ھەي، ئەمدى سەن ئۇسسۇل ئويناپ باققىن! شۇنداق قىلساڭ، توڭلىمايسەن، قورسىقىڭنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەيسەن.



# تۆلكە بىلەن ئۈزۈم

يۇنان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

سەھرادىكى بىر مەھەللىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقتا بىر ھىيلىگەر تۆلكە ياشايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئۇ يېمەكلىك ئىزدەپ ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئورمانلىقتىكى كىچىك ھايۋانلار تۆلكىنىڭ ئىنتايىن ھىيلىگەر ۋە رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆلكىنى كۆرسىلا بەدەر قاچىدىغان، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەي مۆكۈۋالىدىغان بوپتۇ. شۇنداق بولغاچقا، تۆلكىنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. قورسىقى ئاچ قالغان تۆلكە ھېچ ئامال تاپالماي، ئورمانلىقتىن چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراملىرىغا بېرىپ يېمەكلىك ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

تۈنجى قېتىمدا تۆلكە دېھقانلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئىنتايىن ئېھتىياتچان بوپتۇ. تەلىيىگە، ئۇ بىر دېھقاننىڭ توخۇ كاتىكىگە بېرىپ قاپتۇ.

تۆلكە: «پاھ، نېمىدېگەن جىق، نېمىدېگەن سېمىز توخۇلار بۇ!» دەپ توۋلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. لېكىن، بىر كىمنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ دېمىنى چىقىرالماپتۇ. ئۇ ئۇياق - بۇياققا تېز كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، ئەمما ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. «بۈگۈن راستتىنلا ئامىتىم كەپتۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي!» تۆلكە شۇنداق دەپتۇ - دە، ئاغزىنى يوغان ئاچقان پېتى توخۇلارغا ئېتىلىپتۇ.

تۆلكە بىرنەچچە توخۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، بىردەمدىلا يالماپ - يۇتۇپ بوپتۇ. ئۇ تومپايغان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ: «شۇنچە سېمىز توخۇلارغا قارىماي مۇشۇنداق تاشلاپ قويغاندىكىن، ئادەم دېگەننى ئەخمەق دېمەي بولامدۇ!» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە.





بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تۈلكە يەنە ئاچ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى توخۇ كاتىكىگە يەنە بارماقچى بوپتۇ.

تۈلكە چىتلاقتا ئوغرىلىقچە يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا، دېھقاننىڭ تۇرخۇنىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتقۇدەك، ئەتراپ تىمتاس ئىمىش.

تۈلكە كۈچەپ بىر سەكرەپ ھويلىغا چۈشۈپ، توخۇ كاتىكىگە يېقىنلىشىپتۇ. ئۈركۈپ كەتكەن مېكىيانلار كۇرۇكلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. تۈلكە ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئەمدىلا بىر مېكىياننى چىشلىشىگە، ئادەملەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن تاش يېغىپ، باش - كۆزى قانغا بويىلىپتۇ. تۈلكە توخۇنى تاشلاپ، ۋاي - ۋايلىغىنىچە ئۆزىنى چىتلاقنىڭ سىرتىغا ئېتىپتۇ.

پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن تۈلكە ئورمانلىققا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ - قېچىپ، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەن چاغدىلا ئاندىن توختاپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە دەپتۇ:

«نېمىدېگەن كۆپ مېكىيانلار - ھە، سېمىزلىكىچۇ تېخى! ھەي - ي، مېنى تازا نەس باستى - دە!…»

ئاچلىقتىن كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان تۈلكىنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماغدۇرى قالماپتۇ، قورساقلىرى توختىماي غۇلدۇرلاپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ.

تويۇقسىز ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، بىر دەرەخنىڭ شېخىغا يامىشىپ ئۆسكەن ئۈزۈم تېلىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۈزۈم تېلىدا مەي باغلاپ پىشقان شىڭگىل - شىڭگىل ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغۇدەك.

«بەك ياخشى بولدى! — دەپتۇ تۈلكە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — يېگۈدەك ھېچنېمە تېپىلمىغان چاغلاردا، تويغۇدەك ئۈزۈم يەپ قويۇشمۇ يامان ئەمەس ئىشقۇ!»

تۈلكىنىڭ قورسىقى تېخىمۇ غۇلدۇرلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈمنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

تۈلكە سەكرەپ بېقىپتۇ، ئەمما ئۈزۈم تېلى بەك ئېگىزدە بولغاچقا، ئۈزۈمگە بويى يەتمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەچچە كۈن ئاچ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئېگىزگە كۈچەپ سەكرىگۈدەك ھالىمۇ قالمىغانىكەن.





تۈلكە ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىغا
تەن بەرمەپتۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ بىر ساپاق ئۈزۈمگە
ئوبدان سەپسېلىۋېلىپ، ئاندىن ئارقىغا بىرنەچ-
چە قەدەم چېكىنىپتۇ. كېيىن يىراقتىن يۈگۈ-
رۈپ كېلىپ ھېلىقى ئۈزۈمگە قاراپ سەكرەپ-
تۇ، ئەمما بويىنىڭ يەتمىگىنى ئاز كەلگەندەك،
ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

تۈلكە قايتا - قايتا سەكرەپتۇ، لېكىن ئۈ-
زۈمنى زادىلا ئۈزەلمەپتۇ.

— قاق! قاق! قاق!

تۈلكە چۆچۈپ يۇقىرىغا قارىسا، قاپقارا
بىر قاغا دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ، ئۇنى
زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقۇدەك.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ
تۈلكە زەردە بىلەن.

— نېمىگە كۈلەتتىم! ئەجەبمۇ جاپا تارتىپ
كەتتىڭ - ھە؟!

— ئۇنداق ئىش يوق! — دەپتۇ تۈلكە يىقى-
لىپ چۈشكەنلىكتىن بەدىنى يىڭنە سانجىغان-
دەك ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، مەغرۇر قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ، — سەكرەپ ئويناۋاتاتتىم... بۇ ئۈ-
زۈملەر تېخى ئاچچىق ئىكەن! ئۇلار پىشقاندا
ئاندىن كېلىپ ئېغىز تەگسەم بولغۇدەك!

ئۈزۈمگە بويى يەتمىگەن تۈلكە ئاچ قور-
ساق پېتى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كې-
تىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

# ئات بىلەن ئېشەك

يۇنان مەسىلى (ئەسلى ئەسەر: ئېزوپنىڭ)

بىر ھارۋىكەش بوۋاينىڭ بىر ئېتى ۋە بىر ئېشىكى بار ئىكەن. بوۋاي ئېتىنى ھارۋىغا قوشىدىكەن، شۇڭا ئۇ ئېتىم چارچاپ قالسا، ھارۋىنى ياخشى تارتالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى ياخشى يەم - بوغۇزلار بىلەن باقىدىكەن. يۈك توشۇيدىغان ئىش چىقىپ قالسىمۇ، يۈكنى ئېتىغا ئازراق، ئېشىككە جىقراق ئارتىدىكەن. ئېشەك شۇنداق تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئازراقمۇ ئاغرىنمايدىكەن، قاقشىمايدىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئات تېخىمۇ قاۋۇل بولۇپ كېتىپتۇ. قاتتىق سەمرىگەنلىكتىن ئۇنىڭ تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىكەن. ئېشەك بولسا، كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي ئات بىلەن ئېشەككە يۈك ئارتىپ بازارغا مېڭىپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئاتنىڭ يۈكى يەڭگىل، ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر ئىكەن. زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئېشەك خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئاتقا قاراپ، ئىنجىقلىغان ھالدا:

— بۇرادەر، ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ — دەپتۇ ئات مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ.

— ماڭا قاراپ باق. قارىغاندا، مەن بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتىمەن، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلىمەن. بۇرادەر، ئۇستۈمدىكى يۈكنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋالساڭ قانداق؟ بولمىسا... بولمىسا، مەن بازارغا يېتىپ بارمايلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن.

— نېمە؟ مېنىڭ يۈكۈم ئېغىر دېمەكچىمۇسەن؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، — دەپتۇ ئېشەك پەس ئاۋازدا، — قاچان ماڭا يۈك ئاز ئارتىلىپ باققان!

— بۇ دېگەن ئۆزۈڭنىڭ شورى! — دەپتۇ ئات ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — ئېشەكلەر بىزدەك ئېسىلزادە ئاتلارغا قارىغاندا يۈكنى جىقراق كۆتۈرۈشى كېرەك. قېنى، تولا گەپ قىلماي، ئالغا قاراپ مېڭىۋەر!

ئېشەك ئېغىر تىنىپ قويۇپ مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئەمما بىرنەچچە قەدەم تاشلاپلا «پوككىدە» يىقىلىپتۇ - دە، ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي موگۇ تەرگەچ ئالدىرىماي كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ ئېشەكنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال يۈگۈرۈپ كەپتۇ.

بوۋاي ئېشەكنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھەسرەتلىنىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



— تىرىكلىكىڭدە ئوبدان قارىمىغانلىقىنىڭ گۇناھى مەندە! — دەپتۇ ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە، — شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنىدىڭ، قارىغاندا ساڭا يۈكنى بەك جىق ئارتىۋېتىپتىمەن.

بوۋاي ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى تاغارلارنى يېشىۋېلىپ ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپتۇ، يەنە تېخى ئۆلۈك ئېشەكنىمۇ ئۇنىڭغا ئارتىپتۇ.

ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدە بەللىرى ئېگىلىپ كەتكەن ئات قەدەملىرىنى ئاران يۆتكىگەن ھالدا مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئويلاپتۇ:

«ئېشەك ھايات ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا ياردەم بەرسەم بوپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغاردىن بىر - ئىككىسىنى ئۈستۈمگە ئارتىۋالسام ماڭا ئانچە ئېغىر كەلمىگەن بولاتتى. مانا ئەمدى خوپ بولدى، ئىككى ئۆلۈش يۈكنى كۆتۈرۈپ ھالىمدىن كېتىدىغان بولدۇم…»

# شىر پادىشاھ

يۇنان مەسەلى (ئەسلىي ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر چوڭ ئورمانلىقتا بىر ھايۋانات پادىشاھلىقى بار ئىكەن. شىر بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا بىر پادىشاھلىقنىڭ قوشۇنى بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپتۇ. شىر پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ. ئۇ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشقا بەل باغلاپتۇ.

ئۇ ئەمەلدار ۋە پۇقرالىرىنى ئوردا ئالدىغا يىغىپتۇ.

— ئەي مېنىڭ سادىق ئەمەلدارلىرىم ۋە پۇقرالىرىم، — دەپتۇ ئۇ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — دۈشمەنلەر ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالماقچى، بىزنى قۇل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشىمىز كېرەك.



شىر پادىشاھ تەنتەنىلىك ھالدا شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى جاكارلاپتۇ:

— پىل، سەن ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ھەم ئېگىز، ھەم بەستلىك، قورال - ياراغ، يېمەك - ئىچمەك توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا تازا مۇۋاپىق كېلىسەن. شۇڭا، ئارقا سەپ خىزمىتىنى ساڭا تاپشۇرماقچىمەن. تۈلكە، سېنىڭ «ھىيلىگەرلەرنىڭ پىرى» دېگەن نامىڭ بار. سەن مېنىڭ شتاب باشلىقىم بول. مايمۇن، سەن دەرەخكە يامىشىشقا ماھىر، شۇڭا سېنى چارلىغۇچىلىققا تەيىنلەي، دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا ماڭا مەلۇم قىلىپ تۇر. ئېيىقۋاي سەن قاۋۇل ھەم كۈچلۈك، شۇڭا سەن ھۇجۇمچى ئەترەتنىڭ كوماندىرى بول...

شىر بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەربىر ھايۋانغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا، توشقان بىلەن ئېشەك قاپتۇ. ۋەزىرلەر شىر پادىشاھقا دەپتۇ:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— ئالىيلىرى، توشقان بىلەن ئېشەك ئۇچىغا چىققان توخۇ يۈرەكلەر. ئۇلارنىڭ باتۇر جەڭچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ تۇرسۇن!

شىر بېشىنى چايقاپتۇ ۋە ۋەزىرلىرىگە قاراپ:

— سىلەر بۇ ئىككىيلەنگە ئۇۋال قىلىۋاتىسىلەر. بىلەمسىلەر، ئېشەكنىڭ ئاۋازى مېنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى. ئۇ كانايچى ئورنىدا مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ قوشۇنىمىزغا مەدەت بەرسۇن. توشقان ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېز يۈگۈرۈشنى قاتتىق مەشىق قىلغان. ئۇنىڭدەك يەلتاپان بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى يەتكۈزىدىغان خەۋەرچى ئەسكەر بولسۇن، — دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن، شىر كۆپچىلىككە قاراپ:

— دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق ئىشىمىز ئۈچۈن بىر ئۇلۇش ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

دەرۋەقە، ھەممەيلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىپتۇ.



# شۆھرەتپەرەس بۇغا

فرانسىيە مەسەلى

(ئەسلى ئەسەر: راففېندىنىڭ)

مۈڭگۈزى تازا چاتاقلىغان بىر بۇغا بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگرى - بۈگرى، نۇرغۇن شاخچىلىرى بار مۈڭگۈزىنىڭ بارلىقى بىلەن بەك مەغرۇرلىنىدىكەن. ھەر قېتىم سۇ ئىچكىلى كۆل بويىغا بارغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ زوقلىنىپ كېتىدىكەن.

«مەن نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە! بۇ ئورمانلىقتا بۇنداق چىرايلىق مۈڭگۈزى بار بۇغىدىن يەنە بىرىنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس!»

ئۇ مۈڭگۈزىگە شۇنچىلىك ئامراق ئىكەنكى، ئىنچىكە، ئۇزۇن، يۈگۈرۈك پۇتلىرىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىگە رازى ئىكەن، ئەمما مۈڭگۈزىنىڭ بىرەر كىچىككىنە شاخچىسىنىڭ بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ چۈشۈپ كېتىشىگە زادىلا كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى بۇغا سۇدىكى ئەكسىگە قاراپ چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىنى تاماشا قىلىپ كۆل بويىدا تۇرسا، تۇيۇقسىز يىراقتىن تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئوۋچىلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ قاپتۇ. يۈرىكى «جىغغىدە» قىلغان بۇغا: «ئەھۋال چاتاق! ئوۋچى ۋە تايغانلار كەلدى، دەرھال قاچاي!» دەپتۇ - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

بۇغا ئورمانلىقتا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا مۈڭگۈزلىرى بىر دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ. «ئاپلا، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىم سۇنۇپ كېتىدىغان بولدى!» دەپ ئويلاپتۇ بۇغا ھودۇقۇپ. ئۇ مۈڭگۈزىنىڭ سۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بېشىنى ئاۋايلاپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۈڭگۈزىنى ئاچىماقتىن چىقىرىۋالماقچى بوپتۇ.

بۇغا ئۇنداق قىلىپ بېقىپتۇ، بۇنداق قىلىپ بېقىپتۇ، بىراق خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، مۈڭگۈزىنى ئاچىماقتىن چىقىرىۋالالماپتۇ. بۇ چاغدا تايغانلار يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

«ئۆلىدىغان بولدۇم!»

جان قايغۇسىدا قالغان بۇغا مۈڭگۈزلىرىگىمۇ تارتىشماي قاتتىق كۈچەپتۇ، بىراق ئۇلار ئاچىماققا تېخىمۇ قىسىلىپ قاپتۇ.

بۇغا ئۆلۈش ئالدىدا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا شۇلارنى ئويلاپتۇ:

«مۈڭگۈزلىرىم مېنىڭ بەدىنىمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك قىسمى دەپ ئويلاپ قاتتىق خاتالىشىپتىمەن. ئەسلىدە مەن پۇتلىرىمنى قەدىرلىشىم كېرەك ئىكەندۇق. پۇتلىرىم مېنى بىخەتەر جايغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنچە كۈچىدى، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىم بولسا مېنى ھالاك قىلدى!»



# ئات بىلەن بۆرە

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بىر ئات يايلاقتا ئوتلاۋاتسا، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئاتنى كۆرگەن هامان، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىشقا باشلاپتۇ.

«پاھ ـ پاھ، ئەجەبمۇ سەمرىگەن ئات ئىكەنا بۇ! گۆشى تازا يۇمشاق ۋە مەززىلىكقۇ دەيمەن. شۇغىنىسى، ئۇ بەك يوغان ئات ئىكەن، كۈچۈم يەتمەسمىكىن... لېكىن، كۈچۈم يەتمەيدۇ دەپ يولۇمغا كېتىپ قالسام، تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولىمەن. ئەڭ ياخشىسى، تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ تەلىيىمنى سىناپ باقاي.»

شۇلارنى ئويلىغان بۆرە ئاتقا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ. ئات ئۇنى كۆرمىگەندەك بىخىرامان ئوتلاۋېرىپتۇ.

بۆرە سىپايە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ياخشىمۇسەن، ئات ئەپەندى، سەن تازا هۇزۇرلىنىپ غىزالىنىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ هوي، پۇتۇن بەدىنىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ، نېمە؟ — دەپتۇ.

ئات ئاغزىدىكى ئوتنى چايناۋېتىپ دەپتۇ:

— تاتىرىپ كېتىپسەن دېدىڭما؟ ياق، بۇ دېگەن مېنىڭ ئەسلى رەڭگىم. تۇغۇلۇشۇمدىنلا مۇشۇنداق ئېقىش رەڭلىكمەن.

بۆرە ئاتنىڭ دېگەنلىرىنى زادىلا چۈشەنمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— مەن دېگەن بىر دوختۇر، سېنىڭ كېسەللىكىڭنى داۋالىيالايمەن. ئەگەر سەن قەيىرىڭنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، كېسەللىكىڭنى چوقۇم ساقايتالايمەن. ماڭا قارا، ئەڭ ياخشىسى مەن سېنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ باقاي!

— رەھمەت، ئاۋارە بولما! مېنىڭدە كېسەل نېمە قىلسۇن، مەن ئىنتايىن ساغلام! — دەپتۇ ئات.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ بۆرە بېشىنى چايقاپ، — هەر هالدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ قويغىنىمنىڭ ساڭا زىيىنى يوق.

ئادەتتە ئات باشقىلاردىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدىكەن، بىراق بۆرىنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

«بۇ ئەبلەخنىڭ نىيىتى ياماندەك تۇرىدۇ، هەر هالدا ئېھتىيات قىلاي جۇمۇ!» دەپ ئويلاپتۇ ئات.

«نىيىتىمنى بىلىپ قالدىمۇ، نېمە؟ — دەپ ئويلاپتۇ بۆرە، — لېكىن مەن ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس.»

بۆرە ئاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

— ھە، راست! — دەپتۇ ئات بىر چاغدا، — ئېسىمگە كەلدى!

— نېمە ئېسىڭگە كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرە ئالدىراپ.

— ئارقا پۇتۇمنىڭ تۇيىقى ئىششىپ قالغىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى، دائىم ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ...

بۆرە: «ئاخىر پۇرسەت كەلدى!» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئات ئۇنىڭ ئېگىلگىنىگە كېلىشتۇرۇپ شۇنداق تېپىپتۇكى، ئۇ نەچچە دومىلاپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، بۆرە ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ. ئات ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق، مېنى يەنە تەكشۇرۇپ باققۇڭمۇ بارمۇ، دوستۇم؟

— ھە؟ ياق، ياق، مۇشۇ بىر قېتىملىقى يېتەرلىك بولدى!

شۇنىڭدىن تارتىپ، بۆرە ئات گۆشى يېيىشنى ئويلىمايدىغان بوپتۇ.



# شىر بىلەن چىۋىن

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىنىڭ)

بىر شىر دەرەخ سايىسىدە خۇرۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتسا، يۈزىگە بىر چىۋىن قونۇپتۇ. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن شىر: «ھۇ لەنىتى چىۋىن، تېخى مېنىڭ يۈزۈمگە قونغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ھېلى بۇنىڭ جاجىسىنى تارتىسەن!» دەپ، ئۆزىنىڭ يۈزىگە «چاڭگىدە» بىرنى ئۇرۇپتۇ.

لېكىن، چىۋىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ شىرنىڭ قۇلىقىغا قونۇپ قاتتىق قىچىشتۇرۇۋېتىپتۇ. «خەپ توختاپتۇر، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام!» شىر چىۋىننى ئۇرىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا بىر شاپىلاق ساپتۇ، بىراق چىۋىن يەنىلا قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.



شىر: «ئەمدىغۇ ئارام تاپقاندىمەن» دەپ ئويلاپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ يەنە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. ئەمما، چىۋىن غىڭشىلداپ ئۇچۇپ ئۇنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمەپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۇچقان پېتى شىرنىڭ بۇرنىغا كىرىۋاپتۇ. بۇرنى ئېچىشىپ قاتتىق بىئارام بولغان شىرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپتۇ. ئۇ ئاسمانغا قاراپ بىرھازاغىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغاندىن كېيىن، تازا بىرنى چۈشكۈرگەنىكەن، چىۋىن ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

شىر غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ كېتىپتۇ، بىراق چىۋىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن شىرغا قاراپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ ۋە ئۇنى كۆزنى ئىلمىغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپتۇ:

— ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىڭنى ئەمدى كۆرۈۋالغانسەن؟ ھەي ھاماقەت، ئۆزۈڭنى ھايۋانات پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغىنىڭ بىلەن، ھالىڭ شۇنچىلىك. مانا، مېنىڭدەك كىچىككىنە چىۋىندىنمۇ يېڭىلىپ قالدىڭ!

چىۋىن ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن مەغرۇرلانغان ھالدا غىڭشىلدىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر ئۆمۈچۈك تورىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆمۈچۈك تورىدىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە كۈچەپ ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ، ئەمما بۇنىڭ پايدىسى بولماپتۇ.

— تۈفي! — دەپتۇ ئۆمۈچۈك چىۋىننى يەۋېتىپ، — ئاۋارە بولغانچە ئىش يوق، تورغا چۈشكىنى ئاران بىر چىۋىن ئىكەن. بىراق، بۇنىڭ تورغا چۈشكىنى، ھېچنېمىنىڭ چۈشمىگىنىدىن ياخشىراق...

مانا بۇ شىرنى مەغلۇپ قىلالىغان چىۋىننىڭ ئاقىۋىتى!



# تۈلكە بىلەن قاغا

يونان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئىزوپنىڭ)



بىر كۈنى دېھقان ئايالىنىڭ ھويلىسىدىن بىر پارچە پىشلاقنى ئوغرىلىۋالغان قاغا ئۇنى چىشلىگەن پېتى ئۇچۇپ بىر دەرەخكە قونۇپتۇ.

ئۇ شاخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پىشلاقنى تازا ھوزۇرلىنىپ يېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، بىر تۈلكە كېلىپ قاپتۇ. پىشلاقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلغان تۈلكىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇياق - بۇياققا قارىتىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھىدلاپ، بىردىنلا بىر پارچە پىشلاقنى چىشلىغىنىچە دەرەخكە قونۇۋالغان قاغىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

«پىشلاقنىڭ پۇرىقى دەرەخ ئۈستىدىن تارقىلىۋېتىپتىكەن - دە! — دەپ ئويلاپتۇ تۈلكە، — ھەي سەت قاغا، بۇ پىشلاقنى سەن يەپ كەتسەڭ بولمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى سېنىڭدىن تارتىۋېلىشىم كېرەك!»



شۇنىڭ بىلەن تۈلكە ھىجايغىنىچە قاغىغا دەپتۇ:

— تۇۋا، سىز قاغىمۇ؟ بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. چۈنكى، مەن شۇ چاغقىچە سىزدەك چوڭ ۋە كېلىشكەن قاغىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! سىزنىڭ چىرايلىق پەيلىرىڭىز، ئىنچىكە پۇتلىرىڭىز، پادىشاھنىڭكىدەك تۇمشۇقىڭىز، چىرايلىق كۆزلىرىڭىزدە ئازراقمۇ نۇقسان يوق ئىكەن. سىز قۇشلار پادىشاھى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاغا پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق ماختاشلارنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. ئۇ مەغرۇر هالدا قاناتلىرىنى قېقىپتۇ.

تۈلكە مۇلايىم ئاهاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— گەرچە مەن سىزنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، سىزدەك بىر ئاجايىپ گۈزەل قۇشنىڭ ھەممىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئاۋازىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن! ئەي قۇشلار پادىشاهى، مېنى يېقىملىق ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسىڭىز، ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك هېس قىلغان بولاتتىم...

بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغان قاغا تېخىمۇ كېرىلىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى بىرەرسىنىڭ ناخشىچى دەپ ئاتىغانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. «بۇرۇن ئەجەب بىلمەپتىمەن، ئەسلىدە مەن ناخشىچى، يەنە كېلىپ ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋازى بار ناخشىچى ئىكەنمەن ـ دە! مانا، تۈلكە شۇنداق دەۋاتامدۇ؟»

قاغا قاناتلىرىنى قېقىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ:

«قاق! قاق! قاق!»

پىشلاق توپتوغرا تۈلكىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ پىشلاقنى مەززە قىلىپ يەۋېتىپ، ئۆزىگە داڭقېتىپ قاراپ قالغان قاغىغا قاراپ سۆزلەپتۇ:

— هەي ئەخمەق قاغا، سەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سەت قۇش. ئاۋازىڭ شۇنداق يېقىمسىزكى، قاقىلدىساڭ، سېنىڭدىن بىزار بولمايدىغان هېچكىم يوق. ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مەن شۇ چاغقىچە ئۇچراتقانلارنىڭ ئىچىدە سەن ئەڭ كالۋا قۇش ئىكەنسەن! پىشلاق بەرگىنىڭگە رەھمەت.

تۈلكە پىشلاقنى يەپ بولۇپ، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

# چاشقان بىلەن شىر

يۇنان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئېزوپنىڭ)

بىر شىر ئۇخلاپ ياتسا، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر چاشقانچاق يۈگۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان شەپىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن شىر ئاچچىقىدا چاشقاننى «كاپ» قىلىپلا تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپتۇ.

— ئالىيلىرى، مېنى يەۋەتمىسىلە! ئەگەر مېنى قويۇۋەتسىلە، سىلىدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولغان، ھامان بىر كۈنى ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم، — دەپتۇ چاشقان يالۋۇرۇپ.

شىرنىڭ چاشقاننى يەۋېتىدىغان خىيالى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇنى بىر ئاز قورقۇتۇپ قويۇپ، ئاندىن قويۇۋېتىپتۇ. شىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان چاشقان «غىپپىدە» تىكىۋېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئورمانلىقتا يېمەك ئىزدەپ يۈرگەن شىر ئوۋچىلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شىر ئۆزىنى ئۇياقتا ئۇرۇپ بېقىپتۇ، بۇياقتا ئۇرۇپ بېقىپتۇ، بىراق توردىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز چىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قاپتۇ:

سىلىگە ياردىمىم كېرەكمۇ، ئالىيلىرى! مېنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىم بار، تورنىڭ شوينىلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتەلەيمەن!

شىر كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىقى چاشقان قاراپ تۇرغۇدەك!

شىر چاشقاننىڭ سۆزلىرىگە تازا ئىشىنىپ كەتمەي: «ماۋۇ شۇمتەكنىڭ نېمانچە يوغان گەپ قىلىدىغاندۇ. تورنى مەن ئۈزۈۋېتەلمىگەن يەردە، ئۇ قانداقمۇ ئۈزۈۋېتەلىسۇن؟» دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈسى كەلمەي:

— مەيلى، قولۇڭدىن كەلسە ياردەم قىلغىن! — دەپتۇ.

— چاتاق يوق! — دەپتۇ چاشقان ۋە تورنىڭ شوينىلىرىنى چىشلەپ قىرچىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شىر چاشقاننىڭ ياردىمىدە ئاۋۋال بىر پۇتىنى، كېيىن يەنە بىر پۇتىنى ئاجرىتىپتۇ. شىر ئاخىرى توردىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ.

— مانا كۆردىلىمۇ! — دەپتۇ چاشقان، — بۈگۈن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇردۇم.

— توغرا دېدىڭ، — دەپتۇ شىر ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، — قارىغاندا چوڭ ھايۋانلارمۇ كىچىك ھايۋانلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغان چاغلار بولىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بىلەرمەن ئېشەك

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلي ئەسەر: راففېندىنىنىڭ)

بۇرۇنىسىدا، ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق، بىلەرمەن چاغلايدىغان بىر ئېشەك ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قىلىدىغان دائىملىق ئىشى هارۋا تارتىش ئىكەن.

خوجايىن هەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى لىققىدە يۈك بېسىلغان هارۋىغا قاتىدىكەن. ئاندىن كېيىن، ئۇلار شەهەر بىلەن يېزا ئارىلىقىدا يۈك توشۇيدىكەن.

ئۇلار هەر قېتىم شەهەردىن يېزىغا بارغۇچە پەقەت بىرلا يول بىلەن ماڭىدىكەن: شەهەردىن چىقىپ، دەريا بويىدىكى يول بىلەن كېچىككە بارىدىكەن، ئاندىن كېيىن تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ يېزىغا يېتىپ بارىدىكەن. ئېشەك كۆزىنى يۇمۇپ ماڭسىمۇ بۇ يولدا ئېزىپ قالمايدىكەن.

بىر كۈنى خوجايىن ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ هارۋا هەيدەپ يېزىغا باراي دېسە، مىجەزى يوق، بارماي دېسە، كۆڭلى زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئېشەكنىڭ ئۆزىنى يېزىغا بېرىپ كېلىشكە بۇيرۇماقچى بوپتۇ.

— مېنىڭ مىجەزىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، — دەپتۇ خوجايىن ئېشەككە، — سەن بىللە بارالمىغۇدەكمەن، يېزىغا ئۆزۈڭ بېرىپ كەلسەڭ قانداق؟ ئىشنى ياخشى پۈتتۈرۈپ كەلسەڭ، كەچتە يەيدىغان بوغۇزۇڭغا يەنە بىر ئۇلۇش قوشۇپ بەرگەن بولاتتىم.





www.uyghurkitap.com

— چاتاق يوق، خوجايىن! — دەپتۇ ئېشەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ماشا ـ ماشا، ئېشەك دەريا بويىغا كەپتۇ. ئۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ.

«ھەي ـ ي، خوجايىنىمنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدىكەن جۇمۇ! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — شۇنچە چاغدىن بېرى ئۇزۇن يول بېسىپ كېچىكتىن ئۆتكۈچە، دەريانى كېسىپ ئۆتكەن بولساق، يول قىسقارغان بولماسمىدى! بۈگۈن شۇنداق قىلىپ ئىشنى بالدۇر پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتاي! قىلغان ئىشىمدىن خوجايىنىم سۆيۈنۈپ كەتسۇن.»

ئېشەك ھارۋىنى تارتقىنىچە دەريانى كېچىپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە كەلگەندە، ھارۋا غەرق بولۇپ كەتكىلى ئازلا قاپتۇ. ئېشەكنىڭ تەلىيىگە، ھارۋىغا تۇز بېسىلغانىكەن، بىرمۇنچە تۇز سۇدا ئېرىپ، ھارۋىدىكى يۈك يېنىكلەپ كېتىپتۇ. ئېشەك بارغانسېرى يېنىكلەپ كېتىۋاتقان ھارۋىنى تارتىپ قارشى قىرغاققا بىردەمدىلا يېتىپ بېرىپتۇ. «ئوھۇ، مەن نېمىدېگەن ئەقىللىق ـ ھە!» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ مەغرۇر ھالدا.

ئەتىسى، خوجايىن ھارۋىغا بىرنەچچە تاي پاختىنى بېسىپ بېرىپتۇ.

ئېشەك يولغا چىقىپ، ماشا ـ ماشا دەريا بويىغا كەپتۇ. ئۇ يەنە يېقىن يول بىلەن ماڭاي دەپ، دەريانى كېسىپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ھارۋىدىكى پاختىلار سۇغا چىلىشىپ، سۇنى ئۆزىگە سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈك بارغانسېرى ئېغىرلاپ، ھارۋا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. ھارۋا بىلەن تەڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئېشەك بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ نەپەس ئالغۇدەك ئىمكانىغىمۇ ئېرىشەلمەپتۇ.

ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايدىغان بۇ ئېشەك ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا ھارۋا بىلەن بىللە دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ.



# ھايۋانات ۋە ۋابا

فرانسيە مەسەلى (ئەسلي ئەسەر: رافقېندىنىڭ)

قەدىمكى زاماندا، بىر چوڭ ئورمانلىقتا تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانلار ياشايدىكەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا، ئورمانلىقتا ۋابا تارقىلىپ ھايۋانلار بۇ قورقۇنچلۇق كېسەل تۈپەيلىدىن كەينى - كەينىدىن ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ھېچكىم، ھەتتا ھايۋانات پادىشاھى شىرمۇ بۇ ئېپىدېمىيەدىن قۇتۇلۇش تەدبىرىنى ئامالىسىز قىلىشقا كۆزى يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ. شۇنىڭ بىلەن شىر ھايات قالغان ھايۋانلارنى يىغىپ، تىترىگەن ئاۋازدا:

— بۇ ئاپەت بىزنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىمىز ئۈچۈن بېرىلگەن جازا. بىز ئۆز گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلىپ تەۋبە قىلساق، بەلكىم تەڭرى بىزگە نىجاتلىق بېرىپ قالار. مانا مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىمنى تەن ئالىمەن. مەن شۇ چاغقىچە نۇرغۇن قوي - قوزىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانمەن. تەڭرىدىن بۇ گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

كۆپچىلىك ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئاڭلىماققا، ئۇلار راستىنلا تەۋبە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. ھەممە ھايۋاننىڭ ئۆزىگە لايىق جىنايەتلىرى بار ئىكەن، بىراق ئۇلار گۇناھىنى ئىقرار قىلغاندىكىن، كۆپچىلىكنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىپتۇ.

ئاخىرىدا، ئېشەك قايغۇلۇق كەيپىياتتا:

— مەنمۇ ئىنتايىن يامان ئىشتىن بىرنى قىلغان. بىر كۈنى مەن بىر دېھقاننىڭ يۇمغاقسۈت ئېتىزىغا ئىجازەتسىز كىرىپ، ئىككى چىشلەم يۇمغاقسۈتنى يېگەنىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان، مەن بۇ قىلغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، تا ھازىرغىچە ئازابلىنىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ھايۋانلار ئېشەككە قاراپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— ھە، ۋابانىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئەبلەخ ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن - دە! نامرات دېھقاننىڭ يۇمغاقسۈتىنى ئوغرىلىقچە يەپسەن؟ نېمىدېگەن نومۇس ئىش بۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئېشەكنى ئۆلتۈرۈشنى كۆپچىلىك بىردەك ماقۇللاپتۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھوقۇقى يوق بىگۇناھ كىشىلەر باشقىلار سادىر قىلغان جىنايەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.



# ئاچ كۆز ئىت

يۇنان مەسەلى (ئەسلىي ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، ئاچ كۆز ھەم دۆت بىر ئىت ئۆتكەنـ
كەن. بىر كۈنى ئۇ بىر پارچە گۆشنى ئوغرىلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئولجىسىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئورمانلىققا كىرىپ ئارامخۇدا
مەززە قىلماقچى بوپتۇ.

ئىت ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كەپتۇ.
ئۇ ئېرىقتىكى سۇغا قارىسا، يوغان بىر پارچە گۆشنى چىشلىۋالغان
بىر ئىت ئۆزىگە قاراپ تۇرغۇدەك. ئۇ بۇنىڭ سۇدىكى ئۆز ئەكسى
ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ.

«بۇگۈن تازا ئامىتىم كەلگەن كۈن ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلاپـ
تۇ ئۇ سۇدىكى ئىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئاۋۇ ئىتنىڭ ئاغزىدىـ
كى گۆشنىمۇ تارتىۋالسام، تېخىمۇ پەيزى قىلمايمەنمۇ!»

شۇنىڭ بىلەن ئىت ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ، لېكىن سۇدىكى
ئىت غايىب بوپتۇ. ئۇ قىرغاققا چىقىپ سۇغا قارىسا، ئۆزىگە
ئوخشايدىغان بىر ئىت غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغۇدەك، ئەمما ئۇـ
نىڭ ئاغزىدىكى گۆش يوق ئىمىش.

ئىت شۇ چاغدىلا سۇدىكى ئىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەكسى ئىكەنلىـ
كىنى، گۆشنىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئىت ئېرىق بويلاپ يۈگۈرۈپ گۆشنى ئىزدەپتۇ، ئەمما تاپالـ
ماپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
بۇ ئاچ كۆز ئىت ئەسلىدە
مەۋجۇت بولمىغان گۆشـ
نىلا ئەمەس، ئۆز ئاغزىـ
دىكى گۆشنىمۇ ئوڭشاپ
يېيەلمەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۆتۈك كىيگەن مۈشۈك

فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بېللونىڭ)

بىر تۈگمەنچى ئۆلگەندە بار بولغان جەمى مۈلكى — بىر تۈگمەن، بىر ئېشەك ۋە بىر مۈشۈكنى ئۈچ ئوغلىغا مىراس قالدۇرۇپتۇ. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى تېزلا بۆلۈشۈۋاپتۇ. تۇنجى ئوغۇل تۈگمەننى، ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئېشەكنى ئاپتۇ، كەنجىسىگە بولسا مۈشۈك قاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بۇ مىراسنى ئېلىپ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بوپتۇ.

— چوڭ ئاكام بىلەن ئوتتۇرانچى ئاكام شېرىكلەشسە يامان ئەمەس تىرىكچىلىك قىلالايدۇ، — دەپتۇ ئۇ، — بىراق مەنچۇ، مۈشۈكنى سويۇپ، تېرىسىنى ياقىلىق قىلىۋالدىم دېگەندىمۇ، ئاقىۋەتتە ھامان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكۈدەكمەن.

مۈشۈك بۇ گەپنى ئاڭلاپتۇيۇ، ئاڭلىمىغانغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ تەمكىن ۋە جىددىي قىياپەتتە:



— سەن باش قاتۇرۇپ كەتمىگىن، خوجايىنىم، ماڭا بىر خالتا، يەنە بىر جۈپ ئۆتۈك بېرىپ، ئىختىيارىمغا قويساڭلا، ساڭا تەگكەن بۇ مىراسنىڭ ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قالىسەن، — دەپتۇ.

خوجايىنى ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، بىراق بۇ مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتقان چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ئاجايىپ ھۈنەرلىرىنى، يەنە تېخى ھاۋا تاپان بولۇۋالىدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغانلىرىنى كۆرگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ.

مۈشۈك كېرەكلىك نەرسىلىرىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇ ئۆتۈكنى كىيىپ، خالتىنى بويىنىغا ئېسىپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن خالتىنىڭ شوينىسىنى تۇتۇپ، باتۇرانە قىياپەتتە:

— خوجايىنىم، مەن پات ئارىدا قايتىپ كېلىمەن، مەن سېنى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلاندۇرىمەن! — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، مەردانە قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

مۈشۈك يولدا كېتىۋاتقاندا بۆركۈت بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بۆركۈت.

— خوجايىنىمنى دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بايغا ئايلاندۇرغىلى ماڭدىم، — دەپتۇ مۈشۈك.

— دېگىنىڭ كەلگەي! — دەپتۇ بۆركۈت مۈشۈككە.





مۇشۇك بىر ئورمانلىقتا يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئور-
مانلىقتا توشقان جىق ئىكەن.
مۇشۇك خالتىغا بىرئاز گۆرۈچ كېپىكى ۋە ئۇ-
سۇك سېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆزى ئۆلگەن بولۇپ
يېتىۋېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بى-
لىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن ياش، نادان توشقانلار-
نىڭ قورساق غېمى بىلەن خالتىغا كىرىشىنى كۈتۈش-
كە باشلاپتۇ.
ئۇ ئەمدىلا يېتىشىغا ئامىتى كەپتۇ: بىر تەنتەك
توشقان خالتىغا كىرىپتۇ!
مۇشۇك شوينىنى بىرلا تارتقانىكەن، توشقان قې-
چىشقا ئۈلگۈرەلمەي خالتىغا چۈشۈپ قاپتۇ. مۇ-
شۇك قىلچە رەھىم قىلماي ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.
مۇشۇك خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ توشقاننى كۆتۈ-
رۈپ ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە ئوردا قاراۋۇللىرىغا ئۆزىنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈ-
شىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئۇ قەسىرگە باشلاپ كىرىلگەندىن كېيىن، پادىشاھقا راسا كېلىشتۈ-
رۈپ بىر تەزىم قىلىۋېتىپ:





— ئالىيلىرى، مەن خوجايىنىم ماركىز كارابانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇ ياۋا توشقاننى جانابلىرىغا تەقدىم قىلغىلى كەلدىم، ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلغايلا! — دەپتۇ.

«ماركىز كارابا» دېگىنى مۈشۈكنىڭ ئۆز خوجايىنىغا قويۇۋالغان ئىسمى ئىكەن.

— خوجايىنىڭغا ئېيتىپ قوي، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇنىڭ سوۋغىتى مېنى ئىنتايىن خۇش قىلدى، ئۇنىڭغا رەھمەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسى مۈشۈك ئېتىزلىقتا بېرىپ يېتىۋاپتۇ، قولىدا يەنە ھېلىقى ئاغزى ئوچۇق خالتا بار ئىكەن. ئىككى بۆدۈنە خالتىغا كىرگەن چاغدا، مۈشۈك شوينىنى بىر تارتىپ ئىككىسىنىلا تۇتۇۋاپتۇ، ئاندىن ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش بۆدۈنىلەرنى پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ بۇ سوۋغاتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ۋە مۈشۈكنى بىرمۇنچە پۇل بىلەن تارتۇقلاپتۇ.

مانا شۇ تەرىقىدە، مۈشۈك ئىككى - ئۈچ ئايغىچە خوجايىنىنىڭ نامى بىلەن پادىشاھقا ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى سوۋغا قىلىپ تۇرۇپتۇ. خانىش بۇ مەرت، ئوچۇق قول مۆتىۋەرگە قىزىقىپ قاپتۇ.

— خوجايىنىڭ ياش، كېلىشكەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش بىر كۈنى مۈشۈكتىن.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئۇ ياش، كېلىشكەن يىگىت بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى ناھايىتى باي، — دەپتۇ مۈشۈك.

ئۇ پادىشاھ بىلەن خانىشتىن پۇرسەت بولغاندا خوجايىنىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

مۈشۈك قايتىپ كېلىپ، خوجايىنىغا پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانىكەن، يىگىت قورقۇپ كېتىپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى؟! — دەپتۇ ئۇ، — ئۇلار بۇ يەرگە كېلىدىغان بولسا، مېنىڭ نەقەدەر نامرات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالامدۇ؟

— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ مۈشۈك، — بۈنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار!

بىر كۈنى مۈشۈك پادىشاھنىڭ قىزىنى — دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل مەلىكىنى ئېلىپ دەريا بويىغا سەيلە قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

— ئەگەر مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىدىغان بولساڭ، سېنىڭ تەلىيىڭ كېلىدۇ، — دەپتۇ مۈشۈك، — سەن پەقەت ئاشۇ دەريانىڭ مەن كۆرسىتىپ بەرگەن يېرىدە يۇيۇنساڭلا بولدى، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.





يىگىت مۈشۈكنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. ئۇ دەريادا يۇيۇنۇۋاتقان چاغدا، پادىشاھنىڭ مەپىسى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. مۈشۈك جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— قۇتقۇزۇڭلار، ۋاي قۇتقۇزۇڭلار، ماركىز كارابا تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دەۋاتىدۇ!

پادىشاھ ۋارقىراشنى ئاڭلاپ مەپىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، پات-پات ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئەكىلىپ بېرىدىغان ھېلىقى مۈشۈكنى تونۇپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال ياساۋۇللىرىنى «ماركىز كارابا»نى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ.

ياساۋۇللار «ماركىز كارابا»نى قۇتقۇزۇپ چىققاندا، مۈشۈك مەپىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— شاھ ئالىيلىرى، خوجايىنىمنى ئەپۇ قىلغايلا، شەپقەت قىلغانلىرىغا رەھمەت ئېيتقىلى ئالدىلىرىغا كېلەلمەيدىغان بولدى، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟

— خوجايىنىم يۇيۇنۇۋاتقاندا ئوغرىلار ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئەپكېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ بولدى، غەم قىلما!

پادىشاھ مۇلازىمىغا ئۆزى كىيىدىغان بىر يۈرۈش چىرايلىق كىيىمنى ئەكەلدۈرۈپ، «ماركىز كارابا»غا ھەدىيە قىپتۇ.

«ماركىز كارابا» بۇ كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن قىزغىن ھال سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. يىگىت ھۆرمەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن مەلىكىگە باققاندا، مەلىكە ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىنى تەكشۇرۇپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىتنى مەپىسىگە ئولتۇرغۇزۇۋاپتۇ. مۈشۈك مەپىنىڭ ئالدىدا ئويناقشىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئانچە ئۆتمەي ئۇ بىرمۇنچە دېھقانلارنىڭ ئوت ئورۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارغا:

— ئەگەر سىلەر پادىشاھقا بۇ ئوتلاق ماركىز كارابانىڭ دېمەيدىغان بولساڭلار، گۆشۈڭلار قىيما قىلىۋېتىلىدۇ! — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە پادىشاھ ئوتلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئوتلاقنىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ قاپتۇ. مۇشۇكنىڭ گېپىدىن قورقۇپ كەتكەن ئوت ئورغۇچىلار بىردەك ئاۋازدا:

— بۇ ئوتلاق ماركىز كارابانىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مۇشۇك داۋاملىق ئالدىدا يۈگۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ بۇغداي ئورۇۋاتقان بىرمۇنچە دېھقانلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

— ئەگەر سىلەر پادىشاھقا بۇ بۇغدايلىق ماركىز كارابانىڭ دېمەيدىغان بولساڭلار، گۆشۈڭلار قىيما قىلىۋېتىلىدۇ! — دەپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي پادىشاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بۇغدايلىقنىڭ ئىگىسىنى سوراپتۇ.

— ماركىز كارابانىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئورمىچىلار.

مۇشۇك يول بويى مەپىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يۈگۈرۈپ، كىملا ئۇچرىسا بىر خىل گەپنى دەۋېرىپتۇ. شۇڭا، پادىشاھ «ماركىز كارابا» نىڭ بايلىقىدىن ھەيران قاپتۇ.

ئەڭ ئاخىرى مۇشۇك ھەيۋەتلىك بىر قەلئەگە كەپتۇ. بۇ قەلئەنىڭ خوجايىنى ئىنتايىن باي بىر ئالۋاستى ئىكەن.

مۇشۇك ئالۋاستىغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ. ئالۋاستى:

— ھە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ، مۇشۇك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، مەن سىلىنى تۈرلۈك ھايۋانلارغا، مەسىلەن، شىر ياكى پىلغا ئۆزگىرەلەيدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن، مېنىڭ دوستلىرىم سىلىنى چاشقانغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارغا ئۆزگىرەلمەيدۇ، دېيىشتى.

— ئۆزگىرەلمىگۈدەك نەمۇ تېخى! — دەپتۇ ئالۋاستى تېرىكىپ، — قاراپ تۇر - ھە!

ئالۋاستى شۇ ھامان چاشقانغا ئايلىنىپ ئۆي ئىچىدە چېپىپ يۈرۈپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۇشۇك ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ - دە، «كاپ» لا قىلىپ يەۋېتىپتۇ، ئاندىن قەلئە دەرۋازىسىغا چىقىپ پادىشاھنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئالىيلىرىنىڭ ماركىز كارابانىڭ قەلئەسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىنى قارشى ئالىمىز! — دەپتۇ مۇشۇك پادىشاھ يېتىپ كەلگەندە.



پادىشاھ «ماركىز كارابا» نىڭ پەزىلەتلىكلا بولۇپ قالماي، يەنە كاتتا باي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە توگمەنچىنىڭ كەنجى ئوغلى بىلەن مەلىكىنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

# كەپسىز بالا دىئىل

## گېرمانىيە چۆچىكى

بۇرۇن بىر ئوغۇل بالا ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى دىئىل ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى تولىمۇ سەمىمىي ۋە ياۋاش، ئانىسى بولسا مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. لېكىن، دىئىل شۇ ئەتراپتىكى ئەڭ كەپسىز بالا ئىكەن!

دىئىل بەتقىلىقلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىشكە ئامراق ئىكەن، دائىم تېتىقسىز ئىشلارنى قىلىپ كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويىدىغان بولغاچقا، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى دادىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟

دىئىل ئۇۋال قىلىنغاندەك قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ:

— ھېچ ئۇقمىدىم، دادا، مەنغۇ ھېچكىمگە چېقىلمايمەن، بىراق ئۇلار مېنى كۆرسىلا مۇشتىنى شىلتىپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن مېنى تىللىشىدۇ.

— راست دەۋاتامسەن؟ قىزىق ئىشقۇ بۇ! — دەپتۇ دادىسى ھەيران بولغان ھالدا.

— راست بولمايچۇ! — دەپتۇ دىئىل كۆزىنى مىتىلدىتىپمۇ قويماي.





دادىسى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، دىشىلنى ئېشىكىگە مىنگەشتۈرۈپ بازارغا بېرىپتۇ.

دىشىل ئېشەككە مىنگۈچە دۈمبىسىگە بىر تاختاينى ئېسىۋاپتۇ. تاختايغا: «بۇ تاختاينى كىم كۆرسە، شۇ كىشى بىر ئېشەكتۇر» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

شۇ كۈنى بازاردا كىشىلەر بەك جىق ئىكەن. دادىسى دىشىلنى ئېشىكىگە مىنگەشتۈرگىنىچە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپتۇ.

بازاردىكى كىشىلەر بىردىنلا دىشىلنىڭ دۈمبىسىدىكى ھېلىقى تاختاينى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلار خەتنى ئوقۇپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كېتىپتۇ.

— مۇشتتەك تۇرۇپ بىزنى ھاقارەتلىگىنىگە قارىمامدىغان بۇ شۇمتەكنىڭ! — دېيىشىپتۇ ئۇلار بىر - بىرىگە، ئاندىن ھەممەيلەن مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، دىشىلنى يۇقىرى ئاۋازدا تىللاشقا باشلاپتۇ.

دىشىلنىڭ تاختاي ئېسىۋالغانلىقىنى ئۇقمىغان ئاتا بۇ ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ، پەس ئاۋازدا:

— ئوغلۇم، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست ئىكەن. قارىغاندا كىشىلەر ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىكەن. كەل، مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇر، ئۇلار سېنى يەنە تىللامدۇ - يوق، بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

دىشىل دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. ئالدىغا ئۆتكۈچە چاققانلىق بىلەن تاختاينى دۈمبىسىدىن ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان دىشىلنىڭ دادىسى يول بويى كىشىلەرنىڭ دىشىلغا قاراپ مۇشتلىرىنى شىلتىپ، غەزەپ بىلەن تىللىغانلىرىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— قارىغاندا ئۇلار سېنى راستتىنلا ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولسا، بۈنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دەپتۇ.

دىشىل دادىسىغا كۆرسەتمەي پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ...





بىر كۈنى سېرك ئۆمىكى بازارغا دارۋازلىق ئويۇنىنى كۆرسەتكىلى كەپتۇ. دارۋازنىڭ ئارغامچا ئۈستىدە كۆرسەتكەن خىلمۇخىل ماھارەتلىرى دىئىلغا بەك ياراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنلا دارۋازلىقنى ئۆگەنگۈسى كەپتۇ. «ئەگەر مەنمۇ ئاشۇ دارۋازدەك بولالىغان بولسام، ماڭا مۇشتىنى پۇلاڭلىتىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئالقىش ياڭرىتىپ چاۋاك چالغان بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ، دىئىل ئىككى دەرەخنىڭ غولىغا ئارغامچا تارتىپ، بىر ئۇزۇن تاياقنى تەڭشەك ياغىچى قىلىپ، ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئۇقتۇرماي ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپتۇ، دىئىل بوشىشىپ قالماي مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈنلەرگە بارغاندا، ئۇ: «خېلى ئۆگىنىپ قالدىم، كۆپچىلىككە ھۈنىرىمنى كۆرسىتىپ تازا ھەيران قالدۇرۇۋېتەي!» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

دىئىلنىڭ ئىشىك ئالدىدىن بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بالكوننىڭ رېشاتكا ياغىچىغا، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېگىز دەرەخكە چېگىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر دىئىلنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تاماشا كۆرگىلى كەپتۇ.

دىئىل ئارغامچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ.

دەسلەپتە كىشىلەر ئازراق گۇمان قىپتۇ، لېكىن دىئىلنىڭ ئارغامچا ئۈستىدىكى ئەپچىل ۋە خەتەرلىك ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا قايىل بولۇشقا باشلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىرتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان دىشىلنىڭ ئانىسى بالكونغا چىقىپ قاراپ باقماقچى بوپتۇ.

ئۇ بالكونغا چىقىپلا، ئوغلىنىڭ مۇئەللەقتىكى ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

— ۋايجان، نېمە ئىش بۇ؟ چاققان پەسكە چۈش! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئانا تېپىرلىغىنىچە.

لېكىن، دىشىل ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئانا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ بىر قايچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. دىشىل ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئانا ئارغامچىنى كېسىۋېتىپتۇ.

«پولتۇڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، دىشىل ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

ئۈستۈبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن دىشىل قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ئۆزىنى زاڭلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

«قانچىلىك كۈلگۈڭلار بولسا شۇنچىلىك كۈلۈۋېلىڭلار، قېنى كۆرەرمىز، ئەڭ ئاخىرىدا كىم كۈلىدىكىن!» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە.



بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دىئىل كۆپچىلىككە قايتىدىن دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ.

— بۇ قېتىم مەن چوڭ كوچىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا ماھارەت كۆرسىتىمەن، ھەممەيلەينىڭ كېلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن! — دەپتۇ ئۇ.

كىشىلەر ئۆي - ئۆيلەردىن يۇگۇرۇشۇپ چىقىپتۇ، ئۇلار دىئىلنىڭ يەنە بىر قېتىم سەتچىلىككە قېلىشىنى ئۈمىد قىلىشىپتۇ.

— كۆپچىلىك، سىلەردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، — دەپتۇ دىئىل دارغا چىقىشتىن بۇرۇن، — ھەربىرىڭلار سول پاي ئايىغىڭلارنى سېلىپ دۇمبەدىكى سومكامغا سېلىپ قويساڭلار. بۇنداق قىلغاندا ئېغىرلىقنى، يەنە ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ.

دىئىل دارغا چىقىپ ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە:





— ئەمدى مەن ئايىغىڭلارنى قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن! —
دەپ توۋلاپتۇ.
ئۇ سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ پەسكە قارىتىپ سىلكىگەند-
كەن، ئاياغلارنىڭ ھەممىسى يەرگە چۈشۈپ چېچىلىپ كېتىپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن كوچا مالىماتاڭ كېتىپتۇ، ئاياغلار يۇقىرىدىن
چۈشكۈچە بەزى كىشىلەرنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ، ھەممەيلەن
ئۆزلىرىنىڭ ئايىغىنى تېپىش ھەلەكچىلىكىدە پاتپاراق بولۇپ كې-
تىپتۇ.
ئارغامچىنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ بولغان دىئىل بىر ئۆينىڭ
دېرىزىسىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ تاماشا كۆرۈشكە باشلاپتۇ
ۋە:
— ھا ـ ھا ـ ھا! ئەڭ ئاخىرىدا كۈلگەن كىشى ئەڭ ئۇزاق
كۈلەلەيدۇ! — دەپتۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ.



# دېھقان، يىلان ۋە تۈلكە

## شۋېتسىيە چۆچىكى

بىر دېھقان ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. زەن سالسا، بۇ ئاۋاز بىر يوغان تاشنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقۇدەك.

ئەسلىدە بۇ يەردە بىر يىلاننىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇۋىنىڭ ئېغىزىنى يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن بىر تاش توسۇۋالغانىكەن.

— توۋلاۋاتقان كىم؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان ئۇياق - بۇياققا قاراپ.

— مەن... مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن بىر يىلان. ئۆتۈنۈپ قالاي، چاققان قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

— ياق، سېنى قۇتقۇزمايمەن، قۇتقۇزسام، مېنى چېقىۋالىسەن، — دەپتۇ دېھقان ئۆز يولىغا مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— ياق - ياق، ھەرگىز چاقمايمەن، مەن قەسەم قىلاي!

دېھقان قاتتىق كۈچەپ تاشنى ئەمدىلا يۆتكىشىگە يىلان ئۆمىلەپ چىقىپتۇ - دە، ئېتىلىپ بېرىپ دېھقاننى چاقماقچى بوپتۇ. دېھقان ئارقىغا بىر داجىپ:

— ھەي، نېمىشقا ياخشىلىققا يامانلىق قىلماقچى بولىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.





www.uyghurkitap.com



— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ يىلان شالىنى چېچىپ، — بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلاردىن ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلىگەن كىم بار؟

— نەدە شۇنداق تېتىقسىز ئىش بار ئىكەن؟! — دەپتۇ دېھقان غەزەپلىنىپ، — مەن بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ۋاپاغا جاپا قىلىدىغانلار جەزمەن بار دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق ئەسكىلىكنى قىلىدىغانلاردىن پەقەت سەنلا بار بولساڭ كېرەك.

— ئىشەنمىسەڭ، بىز باشقىلاردىن سوراپ باقايلى، — دەپتۇ يىلان، — ئەگەر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنى سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئىش سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بولسۇن، ئەكسىچە بولسا، مەن سېنى چېقىپ ئۆلتۈرىمەن. بۇ دېگىنىمگە قوشۇلامسەن؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ دېھقان.

ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بىر قېرى ئاتنى ئۇچرىتىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭدىن:

— دوستۇم، ئېيتقىنا، ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قانداق جاۋابقا ئېرىشىشى كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە يامان جاۋابقا ئېرىشىشى كېرەك، — دەپتۇ ئات، — مانا مەن خوجايىنىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چەكتىم، بىراق قېرىپ ماغدۇرۇمدىن كېتىشۋىدىم، ئۇ ماڭا ئوت - چۆپ بەرمەي ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قوياي دەۋاتىدۇ!

— قانداق، دېگىنىم راستمىكەن؟ — دەپتۇ يىلان ئاتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئۇ دېھقاننى چاقماقچى بوپتۇ. لېكىن، دېھقان:

— مەن ئاتنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل ئەمەس. بىرەيلەننىڭ دېگىنى ھېساب بولىسا بولمايدۇ. باشقىلاردىنمۇ سوراپ بېقىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

ئۇلار يەنە يولغا چىقىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇلار بىر قويغا يولۇقۇپتۇ. دېھقان ئۇنىڭدىن:

— دوستۇم، ئېيتقىنا، ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قانداق جاۋابقا ئېرىشىشى كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي- ي، ياخشىلىق قىلغانلار ھامان يامان كۈنگە قالىدىكەن، — دەپتۇ قوي ئۇھ تارتىپ، — مانا مەن شۇ چاغقىچە خوجايىنىمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ كەلگەنمەن. قىش كەلگەندە ئۇ مېنىڭ يۇڭۇمنى قىرقىۋالدۇ، شۇنىڭ بىلەن توڭلاپ تىترەپ قىشتىن





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاران چىقىمەن. ياز كەلسە مې-
نى ئۇزۇن يۇڭۇم بىلەن تاشلاپ
قويىدۇ، مەن ئىسسىپ ئۆلگۈ-
دەك بولىمەن!

— گېپىمنىڭ توغرىلىقىغا
ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ —
دەپتۇ يىلان خۇشال بولۇپ ۋە
دېھقاننى چاقماقچى بوپتۇ.

لېكىن، دېھقان يەنە ئۇنى-
ماپتۇ:

— ياق، يەنە بىر قېتىم
سوراپ باقايلى. ئەگەر ئۇچىن-
چى قېتىممۇ مۇشۇنداق جاۋاب-
قا ئېرىشسەك، مەن سېنىڭ
چېقىشىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن
رازى بولىمەن.

دېھقان بىلەن يىلان يەنە
يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئورمانلىقتا كېتىۋاتقاندا بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— توختاپ تۇر، — دەپتۇ دېھقان يىلانغا، — بۇ تۈلكە مېنىڭ ئىككى توخۇيۇمنى يەۋالغان، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئايرىم قىلىۋالاي، ئاندىن بىز سورايدىغىنىمىزنى سورايلى.

— تېزرەك بول ئەمىسە، — دەپتۇ يىلان.

دېھقان تۈلكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي تۈلكە، ئېيتقىنا، ياخشىلىققا يامانلىق يېنىشى كېرەكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تازا تېتىقسىز گەپ بولدى - دە، بۇ! شۇنىمۇ سورىغان بارمۇ؟ — دەپتۇ تۈلكە، — ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە!

— بۇ دېگىنىڭ راست بولسىمۇ بولسۇن، — دەپتۇ دېھقان، — ئەمما گېپىمگە قۇلاق سال، مەن يىلاننىڭ ئالدىدا سېنىڭدىن مۇشۇ سوئالنى سوراي-مەن. ئەگەر سەن «ياخشىلىققا ياخشىلىق يېنىشى كېرەك» دېسەڭ، مەن ساڭا بىر قوزا، بىر غازنى سوۋغا قىلىمەن.

تۈلكە دېھقاننىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ.

دېھقان يىلاننى تۈلكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ.

— ئېيتقىنا، — دەپ سوراپتۇ دېھقان تۈلكىدىن، — ئەگەر بىر كىشى باشقا بىر كىمگە ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ قانداق جاۋابقا ئېرىشىشى كېرەك؟

— سىلەر نېمىشقا بۇ سوئالنى سورايسىلەر؟ — دەپتۇ تۈلكە.

دېھقان ئىشنىڭ جەريانىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئىش يۈز بەرگەن يەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئاندىن سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ تۈلكە ئىشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.



ئۈچىسى ھېلىقى يوغان تاش ۋە يىلان ئۇۋىسى بار يەرگە بېرىپتۇ. يىلان ئۇۋىنىڭ ئېغىزىغا بىر قارىۋېتىپ، يىلاندىن سوراپتۇ:

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، سەن شۇنچە چوڭ يىلان تۇرۇپ بۇنچە كىچىك كامارغا قانداقمۇ پاتقانسەن؟

— ئەلۋەتتە پاتىمەن! — دەپتۇ يىلان مەغرۇر ھالدا، — ئىشەنمىسەڭ، ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي، قاراپ تۇر - ھە!

يىلان شۇڭغۇغان پېتى ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. تۈلكە دېھقانغا:

— بولە چاققان! ئاۋۇ تاش بىلەن ئۇۋىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

دېھقان دەرھال تاش بىلەن ئېغىزنى ئېتىپ قويۇپتۇ.

دېھقان تۈلكىگە ئۆزىنىڭ ۋەھشىي يىلاندىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە:

— كەچتە ئۆيۈمگە كەل، ھېلىقى سوۋغاتلىرىمنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

كەچتە تۈلكە دېھقاننىڭكىگە بېرىپتۇ. قارىسا، دېھقان ئوۋ مىلتىقىنى كۆتۈرۈۋاپتۇدەك، يېنىدە ئىككى تايغان ھە دەپ ھاۋشۇۋاتقۇدەك.

— ھە، نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپتۇ دېھقان مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— سەن ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى ئالاي دەپ...

— دەرھال يوقال! — دەپ ۋارقىراپتۇ دېھقان مىلتىقىنى تۈلكىگە تەڭلەپ، — بولمىسا، ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن!

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن تۈلكە بەدەر تىكىۋې-
تىپتۇ.

تۈلكە قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندەك ھېس قىپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە غۇ-
دۇڭشۇپتۇ:

— قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ؟! ئادەملەر دائىم تۈلكىنى ھىيلىگەر، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھىيلىگەرلەرنىڭ پىرى ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ!



# ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال

فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بېللونىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكتىن ئىنتايىن قايغۇرىدىكەن. ئۇلار پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، بىراق ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بولماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ: خانىش بىر قىز تۇغۇپتۇ. خۇشاللىقتا چۆمۈلگەن پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ قىز ئۈچۈن تەنتەنىلىك چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق پەرىزاتلارنى مەلىكىنىڭ چوقۇندۇرغان ئانىسى بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

مۇراسىمغا يەتتە پەرىزات كېلىپ، مەلىكىگە ئۆز سوۋغاتلىرىنى بېرىپتۇ، ياخشى تىلەكلىرىنى تىلەپتۇ. بىراق، پادىشاھ بىلەن خانىش خىلۋەت بىر قەلئەدە تۇرىدىغان ياشانغان پەرىزاتنى تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ سېھىرگەرلىكنى بىلىدىغان بىر جادۇگەر ئىكەن.

مەلىكىنىڭ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىغا بۇ قېرى پەرىزات ئۆزى كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ سەگەنچۈكىنىڭ قېشىغا كېلىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— ئون ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىڭدا، قولۇڭغا بىر تال ئۇرچۇق مىخى كىرىپ كېتىپ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن! — دەپتۇ.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.





www.uyghurkitap.com



قىرى پەرىزاتنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لاپ، پادىشاھ بىلەن خانىش ئاچ-
چىق ياش تۆكۈپتۇ. بۇ چاغدا بىر
پەرىزات سەگەنچۈكنىڭ يېنىغا كې-
لىپ، مەلىكىگە قاراپ نېمىلەرنى-
دۇر ئوقۇپتۇ، ئاندىن پادىشاھ ۋە
خانىشقا:

— ئالىيلىرى، خانىش، قىزلى-
رى ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئۆلۈپ كەت-
مەيدۇ. راست گەپنى قىلسام، مې-
نىڭدە ھېلىقى جادۇگەر مومايىنىڭ
سېھرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتى-
دار يوق. ۋاقتى كەلگەندە، مەلىكە
يۈز يىل ئۇخلايدۇ، يۈز يىلدىن كې-
يىن بىر شاھزادە ئۇنى ئۇيقۇدىن
ئويغىتىدۇ، — دەپتۇ.

قېرى پەرىزات كەلتۈرىدىغان
ئاپەتتىن ئىمكانىنىڭ بارىچە ساقلى-
نىش ئۈچۈن، پادىشاھ: ھەرقانداق
ئادەمنىڭ ئۇرچۇق بىلەن يىپ ئېگى-
رىشى مەنئى قىلىنىدۇ، ئۆيىدە
ئۇرچۇق ساقلىشىغىمۇ بولمايدۇ،
خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىردەك ئۆ-
لۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ پەر-
مان چىقىرىپتۇ.

لېكىن، مەلىكە ئون ئالتە ياشقا
كىرگەن كۈنى قەلئەدىكى ئۆيلەرگە
كىرىپ - چىقىپ ئويناپ يۈرۈپ،
بىر مومايىنىڭ ئۇرچۇق يىپى ئېگى-
رىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مە-
لىكە بۇ ئىشقا قىزىقىپ ئۇرچۇقنى
ئەمدىلا ئېلىشىغا قولىغا سانجىلىپ
كېتىپتۇ - دە، شۇ يەردىلا يىقىلىپ
چۈشۈپتۇ. قاتتىق ھودۇقۇپ كەت-
كەن موماي مەلىكىنى قۇتقۇزۇشنى
تەلەپ قىلىپ توۋلاشقا باشلاپتۇ.

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن يۇگۇرۇشۇپ كەپتۇ. ئۇلار مەلىكى-
نىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپتۇ، يېشىنىدۇرۇپ ئالىقىنىغا شاپىلاق-
لاپتۇ، يەنە چېكىسىگە ئەتىر سۈركەپ بېقىپتۇ، لېكىن بۇلارنىڭ
ھېچقايىسىسى مەلىكىنى ھوشىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.
پادىشاھ پەرىزاتنىڭ بېشارىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇ ۋەقەدىن
ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلىكىنى
ئوردىدىكى ئەڭ ياسىداق ئۆيگە ئەكىرىپ، زەر يىپلىق ياپقۇچ يېپىل-
غان كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. مەلىكە يەنىلا پەرىشتى-
دەك چىرايلىق بولۇپ، نۇر چېچىپ تۇرغان قىپقىزىل يۈزى ۋە گى-
لاستەك ئوماق لەۋلىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش
ئىكەن. گەرچە ئۇ ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، نەپىسىنى
ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ
تۇرىدىكەن.
مەلىكە بەختسىزلىككە يولۇققان چاغدا ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇ-
رۇپ، يۈز يىل ئۇخلايدىغان قىلىپ قويغان ھېلىقى ئاق كۆڭۈل پەرى-
زات ئون ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر پادىشاھلىقتا ئى-
كەن. «يەلتاپان ئۆتۈك» كىيگەن بىر پارپا بۇ خەۋەرنى پەرىزاتقا
يەتكۈزگەنىكەن، پەرىزات دەرھال قوزغىلىپ، تۇلپارلار قېتىلغان چى-
رايلىق مەپىگە چۈشۈپ بىر سائەتتىلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ.
پادىشاھ پەرىزاتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى يۆلەپ مەپىدىن چۈ-
شۈرۈپتۇ. پەرىزات پادىشاھقا، مەلىكە ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇ-
رىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.
ئۇ مەلىكە ئويغانغاندىن كېيىن شۇنچە چوڭ ئوردىدا ئۆزى-
نىڭ تەنھا قالغانلىقىنى سەزسە چوقۇم ئالاقزادە بولۇپ كېتىشى
مۇمكىن، دەپ ئويلاپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ھاسىسىنى پادىشاھ بى-
لەن خانىشتىن ئۆزگە
ئوردىدىكى ھەربىر ئا-
دەمگە — ئەمەلدار، كې-
نىزەك، مۆتىۋەر، تۆ-
رە، غوجىدار، ئاشپەز،
ياردەمچى، بالا مالاي،
مۇھاپىزەتچى، مۇلازى-
ۋە چاكارلارغا تەگكۈ-
زۈپ چىقىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

پەرىزاتنىڭ ھاسىسى-
نىڭ كارامىتى بىلەن ئور-
دىدىكىلەرنى ھەممىسى
شۇ ھامان ئۇيقۇغا غەرق
بوپتۇ. ئوچاق تۇۋىدە ئوت
سىنىۋاتقان ئورمان كەك-
لىكى ۋە قىرغاۋۇللارمۇ،
ھەتتا ئوتمۇ ئۇيقۇغا كې-
تىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش
مەلىكە بىلەن سۆيۈپ
خوشلىشىپ ئوردىدىن
ئايرىلىپتۇ. پادىشاھ ھەر-
قانداق ئادەمنىڭ بۇ قەلئە-
گە يېقىنلىشىشى مەنئىي
قىلىنىدۇ، دەپ پەرمان
چىقىرىپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ-
تۇ، قەلئە ۋە قەلئە ئەترا-
پىدىكى دەل - دەرەخلەر



ۋە تىكەنلىك ئازغانلار ئۆسۈپ ۋە گىرە-
لىشىپ ئادەم ۋە ياۋايى ھايۋانلار كىرەل-
مەيدىغان، پەقەت يىراقتىن دەرەخلىك
ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان قەلئە مۇنا-
رىسىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگىلى بولىدى-
غان بولۇپ قاپتۇ. بۇمۇ پەرىزاتنىڭ
سېھرىي كۈچى ئىكەن. بۇنداق قىلغان-
دا، ئۇيقۇدىكى مەلىكە قىزىقىسىنغان
يولۇچىلارنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي-
دىكەن.

ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپتۇ.

بىر شاھزادە بۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلىغىلى كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويۇق ئورمانلىق ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئە مۇنارىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان - بىلگەنلىرى بويىچە ئوخشاشمايدىغان جاۋابلارنى بېرىشىپتۇ. بەزىلەر، بۇ جىن - شاياتۇنلار ماكان تۇتقان قەدىمي قەلئە، دەپتۇ؛ يەنە بەزىلەر، بىر توپ جادۇگەرلەر بۇ يەردە ئارام ئېلىۋاتىدۇ، دەپتۇ. ئەڭ ئورتاق پاراڭ شۇ بوپتۇكى، قەلئەدە بىر جىن بار ئىمىش. ئۇ ھەر ياقتىن كىچىك بالىلارنى تۇتۇپ كېلىپ يەيدىكەن، باشقىلار ئۇنى يوقىتىشقا ئامالسىز ئىكەن، چۈنكى بۇ قويۇق ئورمانلىقتىن پەقەت ئاشۇ جىنلا ئۆتەلەيدىكەن.

بىر مويسىپىت دېھقان شاھزادىگە:

— شاھزادەم، ئەللىك نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن دادامدىن بۇ قەلئەدە دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر مەلىكىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بۇ يەردە





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈز يىل ئۇخلىغۇدەك، ئاندىن كېيىن بىر شاھزادە كېلىپ ئۇنى ئويغاتقۇدەك. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمىنى كۈتۈۋاتقۇدەك، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھامان شاھزادىنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپتۇ. ئۇ دەرھال قەلئەگە كىرىپ ئىشىنىڭ زادى قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

شاھزادە ئەمدىلا ئورمانلىققا يېقىنلىشىشىغا، دەل - دەرەخ ۋە ئازغانلار ئۆزلۈكىدىن ئىككى ياققا ئايرىلىپ ئۇنىڭغا يول ئېچىپتۇ. ئۇ ئۆزى ماڭغان يولنىڭ ئاخىرىدا ئاجايىپ ھەيۋەت بىر قەلئەنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غەيرەتلىنىپ ئۇياققا مېڭىپتۇ. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بوپتۇكى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئورمانلىق يەنە ئۆزلۈكىدىن گىرەلىشىپ كېتىپ، بىرمۇ ھەمراھى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرەلمەپتۇ. ئۇ تەنھا ھالدا ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ.

شاھزادە قەلئەنىڭ ئالدى ھويلىسىغا كەپتۇ. ئەتراپ قورقۇنچلۇق تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ، ھەممىلا جايدا ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ئۆلۈكتەك يېتىشىپ كەتكەنىكەن. لېكىن، ئۇ بەزى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىگە سەپكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە يۈزلىرىنىڭمۇ قىپقىزىل ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ تاتلىق ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ رومكىلىرىدىكى ھاراق يۇقىنى كۆرۈپ، ھاراق ئىچىۋاتقاندا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.



شاھزادە مەرمەردىن ياسالغان ھويلىدىن ئۆتۈپ، مۇھاپىزەتچىلەر زالىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە مۇھاپىزەتچىلەر تولۇق قوراللانغان ھالدا سەپراس تۇرغۇدەك، ئەمما ھەممىسى خورەك تارتىۋاتقۇدەك. ئۇ بىرنەچچە ئۆيگە كىرىپ بېقىپتۇ. ئۇ ئۆيلەردە توپ - توپ مۆتىۋەرلەر ۋە ئېسىلزادە خانىملار بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى ئولتۇرغان ھالدا ئۇيقۇغا غەرق بولغانىمىش.

— ئويغىنىڭلار! چاققان ئويغىنىڭلار!

شاھزادە قايتا - قايتا توۋلاپ بېقىپتۇ، ئەمما ھېچكىم ئويغانماپتۇ.

ئۇ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان بىر ھۇجرىغا كىرىپ، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر گۈزەل كۆرۈنۈشنى كۆرۈپتۇ: كىمخاپ - دۇردۇن يېپىلغان بىر كارىۋاتتا ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر مەلىكە ياتقۇدەك. ئۇنىڭ بىغۇبار، گۈزەل چىرايىدىن نۇر چاقناپ تۇرغۇدەك. شاھزادە غالىلداپ تىترىگەن ھالدا ئاستا يېقىنلىشىپ، مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلغاچ ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپتۇ.

شاھزادە ئىختىيارسىز مەلىكىنىڭ ئاپئاق، يۇمران قولىغا بىرنى سۆيۈپتۇ. ئىشىنەمسىز، ئىشەنمەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە! شۇ ھامان ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ: پەرىزاتنىڭ سېھرى يېشىلىپ، مەلىكە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇرۇندىنلا شاھزادىنى تونۇيدىغاندەك قىياپەتتە ئىللىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— بۇ سىزمۇ، مېنىڭ شاھزادەم؟ سىز مېنى بەك ئۇزاق كۈتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ سۆزلىرىدىن شاھزادىنىڭ دىلى يايراپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدەك مەلىكىنىڭ سۆز قىلغان چاغدىكى قىياپىتى ئۇنى قاتتىق مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. ئۇ مەلىكىگە خۇشاللىقى ۋە مىننەتدارلىقىنى قانداق بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

مەلىكە ئۇنىڭدەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتمەپتۇ. چۈنكى، دەيدىغانلىرىنى پەرىزات ئۇنىڭ دىلىغا سېلىپ قويغانىكەن. ئۇلار تۆت سائەت سىردىشىپتۇ، ئەمما دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ يېرىمىنىمۇ تۈگىتەلمەپتۇ.

ئوردىدىكى كىشىلەر مەلىكىنىڭ كەينىدىنلا ئويغىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇلار ئويغىنىپلا قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپتۇ. كېنىزەكلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا توۋلىشىپتۇ:

— مەلىكەم، تاماققا مەرھەمەت قىلىڭ!

مەلىكىمۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنى يۆلەپ كارىۋاتتىن تۇرغۇزۇپتۇ. مەلىكە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپتۇ. شاھزادە بۇ كىيىملەرنى كۆرۈپ ئۆز مومىسىنىڭ ك





يىملىرىنى ئەسلەپتۇ. بۇ كىيىمنىڭ پۇرلاشقان كەڭ ياقىسىمۇ بار ئىكەن، بىراق ئۇ مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىگە قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمەپتۇ.

ئۇلار ئەينەكلىك مېھمانخانىغا كىرىپ بىللە غىزالىنىپتۇ. خىزمەتكارلار ئەتراپىدا مۇلازىمەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. سازەندىلەر ئىسكىرىپكا ۋە گوبۇي بىلەن كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنداپتۇ. يۈز يىل مابەينىدە چېلىنىپ باقمىغان بۇ مۇزىكىلار يەنىلا ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن.

پۈتۈن قەلئەدىكىلەر، ھەتتا ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارمۇ ئويغىنىپتۇ، ھەممەيلەن مەلىكىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە تېتىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يۈز يىل جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان قەلئە يەنە قىزىپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، قەلئەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تويغا قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھەمدەم بوپتۇ. شوخ كۈلكىلەر، يېقىملىق ناخشا ـ مۇزىكىلار ياڭراپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ بىر جۈپ قىز ـ يىگىت كىشىلەرگە ئاز نېسىپ بولىدىغان بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ.



# مۇناردىكى جادۇگەر

### ياپونىيە چۆچىكى

بۇرۇنىسىدا، ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھرىدە ئىنتايىن قارا كۆڭۈل بىر جادۇگەر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ قاراۋۇل مۇنارىدا تۇرىدىكەن. ئۇ خالىسا بۇ دەرۋازىنى ئاچىدىكەن، خالىمىسا ئاچمايدىكەن.

نۇرغۇن - نۇرغۇن باتۇرلار بۇ جادۇگەرنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ بېقىپتۇ. لېكىن، جادۇگەر قايسى پالۋان ئۆزىگە خىرىس قىلىپ كەلسە، شۇ هامان چاچلىرىنى پاخپايتىپ، ئوت - يالقۇن چاچراپ تۇرغان قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئۇنىڭغا ئېتىلىدىكەن- دە، هەش - پەش دېگۈچە ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلىدىكەن.



كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جادۇگەر تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ، بۇ شەهەردىكىلەرگە سالمىغان زۇلۇمى، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. ئوساكادىكى كىشىلەر بۇ ياۋۇز جادۇگەرگە تەڭ كېلەلمەي ئۈمىدسىزلىككە پېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالماي بېشى تازا

قېتىپتۇ. ئۇلار دائىم پەس ئاۋازدا غۇدۇرىشىدىكەن:

«ئەگەر يۇتىيەن ھايات بولغان بولسا، ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى. ئەمما، ھازىر بۇ قىلىچنى ئىشلىتەلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.»

يۇتىيەن ئوساكا شەھىرى بويىچە ئەڭ باتۇر چەۋانداز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ كەتكىنى بىر قىلىچلا ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ باتۇر بالا ئىكەن.

يۇتىيەننىڭ ئوغلى شەھەردىكىلەرنىڭ دادىسىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «مەن دېگەن ئاتا ئوغلى. مەن دادامنىڭ قىلىچىنى قولۇمغا ئېلىپ جادۇگەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يوقىتىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ مۇنارغا قاراپ مېڭىپتۇ.



جادۇگەر بىر كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ مۇنار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتۇ. بالا جادۇگەرگە تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىۋاپتۇ. ئىشىكنىڭ «تاراقىدە» تاقالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدىلا، جادۇگەر ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئوت چاچراپ تۇرغان قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى ئوغۇل بالىغا تىكىپتۇ...

لېكىن، جادۇگەر كېچىكىپ قاپتۇ، يۇتىيەننىڭ قىلىچىدىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇر ئۇنى قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ. ئوغۇل بالا زەرب بىلەن بىر قىلىچ ئۇرۇپ جادۇگەرنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

يۇتىيەننىڭ ئوغلى ئوساكالىقلارنى يېڭىۋاشتىن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىغا بولغان ئەڭ ياخشى خاتىرىلىشى بولۇپ قاپتۇ.

# يەتتە كونا ئەسكەر

## ياپونىيە چۆچىكى

بۇرۇنسىدا، ياپونىيىنىڭ ئىنتايىن چەت بىر يېرىدە ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ بار ئىكەن.

بىر توپ ياۋۇز، رەھىمسىز قاراقچىلار بۇ تاغنىڭ چوققىسىنى ماكان تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار دائىم تاغدىن پەسكە چۈشۈپ يېزىلارنى تالان - تاراج قىلىپ، پۇقرالارغا زادىلا ئارام بەرمەپتۇ.

قاراقچىلار نەگىلا بارسا، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيلەرنى قۇرۇقداپ قويىدىكەن، بۇ قىلغىنى يەتمىگەندەك، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن. ئەتراپنى قاپلىغان يىغا - زارلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئازراقمۇ يۇمشىتالمايدىكەن.





www.uyghurkitap.com



ياپونىيە پادىشاھى قاتتىق خاتىرجەمسىزلىنىپ، بۇ قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ.

پادىشاھ بىرنەچچە قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ قاراقچىلارغا ھۇجۇم قىپتۇ. بىراق، قاراقچىلار ئىگىلىۋالغان تاغ چوققىسى قوغداش قۇلايلىق، ھۇجۇم قىلىش قىيىن چوققا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىگە تاغ يوللىرى تونۇشلۇق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇپ بولۇۋېرىپتۇ.

پادىشاھ قاراقچىلارنى تازىلاشقا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ قايتا - قايتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى لىي گۇاڭ ئىسىملىك بىر كونا ئەسكەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. لىي گۇاڭ بۇرۇن سانسىز جەڭلەرگە قاتناشقان، ھەر قېتىمدا زەپەر قۇچۇپ كەلگەنىكەن.

— لىي گۇاڭ، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەن مەن ئۈچۈن نۇرغۇن يىل خىزمەت قىلدىڭ. ئەسلىدە سەن ئوبدان ئارام ئېلىپ ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسەڭ بولاتتى. بىراق، ھازىرچە بۇ مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. بۇ قېتىم سېنى ئەڭ ئاخىرقى پەرمانىمنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇماقچىمەن. سەن بىر قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، تاغدىكى ياۋۇز قاراقچىلارنى ئەلتۇكۇس يوقىتىپ كەل.

لىي گۇاڭ پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— ئالىيلىرى، ئەگەر ياش ۋاقتىم بولغان بولسا، ئۆزۈم يالغۇز بېرىپلا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بولاتتىم. لېكىن، ھازىر بەكلا قېرىپ كەتتىم، ئۇرۇش قىلغۇدەك ماجالىم قالمىدى، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالماي قالارمەنمىكىن، — دەپتۇ.



— ئەجەبا بىزنىڭ بۇ
قاراقچىلارغا باش ئېگى-
شىمىزگە توغرا كېلەر-
مۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ قايغۇر-
غان ھالدا.
— ئالىيلىرى، ئەھۋال ئۇ دەر-
جىدە ناچار ئەمەس، — دەپتۇ لى گۇاڭ
ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا، —
مېنىڭ كاتتا قوشۇن باشلاپ بېرىشىم-
نىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۆزۈمگە
ئوخشاش پېشقەدەم ئەسكەردىن ئالتە-
سىنى باشلاپ بېرىپ، قاراقچىلارنى يوقىتىپ كېلەي.
پادىشاھ لى گۇاڭنىڭ بۇ ئامالىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا تازا ئىشىنىپ
كەتمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يەتتە كونا ئەسكەر يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار
يا ئات مىنمەپتۇ، يا قىلىچ - قالقان ئالماپتۇ، ھەتتا ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى-
مۇ كىيمەپتۇ.

يەتتە كونا ئەسكەر پەقەت ئاددىيغىنا يۈك - تاقىنى كۆتۈرۈپ، تاغدىكى بۇتخانىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ تاۋاب قىلغۇچىلار سىياقىدا ياسىنىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىر خۇمرىدىن تاتلىق ھاراق ئېلىۋاپتۇ.

يەتتە كونا ئەسكەر يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىرى تاغ قاپتىلىغا يېتىپ كەپتۇ. تاغ چوققىسىدا تۇرغان قاراقچىلار بۇ يەتتەيلەننى كۆرۈپتۇ.

— قاراڭلار، ئاغىنىلەر! — دېيىشىپتۇ ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، — يەتتە تىلەمچى بوۋاي ئارىنى يىراق، يولنى جاپا كۆرمەي بىزنى يوقلاپ كەپتۇ. ھا - ھا - ھا!...

تاغ قاپتىلى بەك تىك ئىكەن. لېكىن، ياشىنىپ قالغان يەتتە كونا ئەسكەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولغاچقا، پەۋقۇلئاددە باتۇرلۇق ۋە چىداملىقلىقىنى نامايان قىپتۇ.

يەتتە كونا ئەسكەر بىر - بىرىنى يۆلەپ، بىر - بىرىنى تارتىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ.

قاراقچىلار تاغ چوققىسىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتقانىكەن. يەتتە كونا ئەسكەر تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە ھالىدىن كېتىپ، خۇددى پۇتلىرى باغلانغان توخۇدەك بىچارە بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاراقچىلار ئۇلاردىن پەخەس بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماپتۇ.

لېي گۇاڭ دېمى يېتىشمەيۋاتقاندەك خىرقىراپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا:

— بىزنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار، تالا بەك سوغۇق، يەنە كېلىپ قاتتىق بوران چىقىۋاتىدۇ. بىز ھەممىمىز بىچارە قېرىلار، سىلەرگە ھېچقانداق چاتاق تېرىپ بەرمەيمىز، — دەپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى پەرۋاسىز قىياپەتتە:

— بوپتۇ، كىرىۋېرىڭلار، ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئولتۇرۇپ ئارام ئالساڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ.

يەتتە كونا ئەسكەر بىر بۇلۇڭغا غۇجمەك بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار قاراقچىلارنىڭ پۇقرالاردىن بۇلاپ كەلگەن يېمەك - ئىچمەكلەرنى يەپ - ئىچىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن غەزەپلىنىپتۇ.

قاراقچىلار ئۆڭكۈرنى بېشىغا كىيىپ قىيا - چىيا قىلىشىپ، يەپ - ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يەتتە بوۋايغا ئانچە- مۇنچە تاشلاپ بېرىپتۇ.

بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپتۇ. بىر چاغدا لىپى گۈاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراقچىلار باشلىقىغا:

— بورانمۇ توختاپ قالدى، بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. سىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىلەرگە ئازراق تاتلىق ھاراق سوۋغا قىلماقچىمىز، بۇ ناھايىتى ئېسىل گۈرۈچ ھارىقى. خوشلىشىش ئالدىدا، بىز بىر قەدەھتىن ئىچىشىۋالايلى، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هاراقنى كۆرگەن قاراقچىلارنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار
خىيالىغا ئازراقمۇ شەك كەلتۈرمەي، بوۋايلارنىڭ هارىقىنى تالىشىپ ئىچىش-
كە باشلاپتۇ. ئۇلار خۇمرىلارنى بىردەمدىلا پاكىز قۇرۇقداپ قويۇپتۇ.
ئانچە ئۆتمەي، قاراقچىلار دەھشەتلىك ئاغرىقتا چىدىماي ئىڭراشقا،
قورسىقىنى تۇتقىنىچە يەردە دومىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يەتتە بوۋاينىڭ ئۆز-
لىرىگە ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىچ
كۆتۈرگۈدەك هالى قالماپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى ناله - پەرياد قىلىشىپ جېنى-
دىن جۇدا بوپتۇ، چۈنكى بۇ هاراقىقا زەهەر قو-
شۇۋېتىلگەنىكەن.
لىي گۇاڭ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆ-
لۈپ تۈگەشكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بو-
لۇپ كېتىپتۇ ۋە ھەمراھلىرىغا:
— ئەمدى بىز پادىشاھقا بۇ ئىشنى خەۋەر
قىلايلى، ئۇ قاراقچىلار بۇلاپ كەلگەن نەرسى-
لەرنى يۇقىرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشكە ئادەم
ئەۋەتسۇن، — دەپتۇ.
— پادىشاھقا خەۋەر قىلىشقا مەن باراي، —
دەپتۇ بىر كونا ئەسكەر.
— ئەمىسە، دەرهال يولغا چىق، — دەپتۇ
لىي گۇاڭ.
كونا ئەسكەر پايتەختكە بېرىپ بىرمۇنچە
ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ.
ئەسكەرلەر لىي گۇاڭنىڭ قاراقچىلارنى قاي-
داق جايلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى
ۋە پەم - پاراستىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي
ماختىشىپتۇ.
ئەسكەرلەر تاغ چوققىسىدىكى ھەممە نەر-
سىلەرنى كۆتۈرۈپ پەسكە توشۇپتۇ. ئۇلار يەنە
يەتتە ئاتقا يەتتە كونا ئەسكەرنى مىندۈرۈپتۇ.
چۈنكى، ئۇلارنىڭ مېڭىپ تاغدىن چۈشكۈدەك
ماغدۇرى قالمىغانىكەن.
شۇنداق قىلىپ، يەتتە كونا ئەسكەر پەم -
پاراسەت ئىشلىتىپ، يۇقىرالار ئۈچۈن قاراقچى-
لارنى يوقىتىپ، پادىشاھ ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم
خىزمەت كۆرسىتىپتۇ.



# تەلەيسىز باتۇر

ياپونىيە چۆچىكى

بۇرۇنىسىدا رىتاڭ ئىسىملىك بىر ئەسكەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى باتۇر ئىكەن، بىراق ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا ئۇنىڭ قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىكەن. شۇڭا، كىشىلەر رىتاڭ بىزگە شۇملۇقتىن باشقا ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئۇنى ئىشلەتكەنلەرنى چوقۇم نەس باسىدۇ دەپ قارايدىكەن، ھېچكىم ئۇنى ئىشلىتىشنى خالىمايدىكەن.

كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ چەتكە قېقىلغان رىتاڭ ناھايىتى تېزلا بىر قاقسەسەنەم نامراتقا ئايلىنىپ، ئاچ - توق ياشايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

رىتاڭ تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشاشنى خالىماپتۇ. ئۇ: «مەن ئىشنى باشتىن باشلىشىم كېرەك. مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر جايغا بارسام، ئۇ يەردە ماڭا ئىش تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ.

رىتاڭ قىلىچ، ئوقيا ۋە ئۈچ تال يا ئوقىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ.

ماڭا - ماڭا، ئۇ بىر كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ كۆل ناھايىتى چوڭ ئىكەن، كۆلگە سېلىنغان بىر كۆۋرۈك بار ئىكەن، بىر ئەجدىھا كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن.

كۆۋرۈكتە توغرىسىغا يېتىۋالغان قورقۇنچلۇق ئەجدىھانى كۆرگىنىدە، رىتاڭنى ۋەھىمە بېسىپتۇ، قورقۇنچتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

ئۇ ئارقىغا يانماقچى، بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن يالتىيىپ بوپتۇ، بىراق نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلىرىنى ئويلاپ: «ئۇزۇنداق ياشاۋەرگەندىن كۆرە، ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەجدىھادىن قورقۇپ سەپەردىن توختاپ قالسام بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئەجدىھانىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە، ئەجدىھا ئويغانماپتۇ. رىتاك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىراق كۆۋرۈكتىن ئانچە ئۇزاقلاشماي، ئارقا تەرەپتىن بىر كىمنىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— ھەي، ياخشىمۇسەن، ئەسكەر!

رىتاك ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپتۇيۇ، قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى، بايا ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقان جايدا بىر ئەر كىشى تۇرغۇدەك.

— مەن بىر باتۇر ئەسكەرنى ئىزدەپ تېپىش كويىدا يۈرەتتىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — شۇڭا مەن بىرەر ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ھامان ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئۇخلىغان بولۇپ كۆۋرۈكتە توغرىسىغا يېتىۋالىمەن. سەن مۇشۇ چاغقىچە مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلغان بىردىنبىر ئادەم! ئېيتقىنا، ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم رىتاك، سېنىڭچۇ؟ — دەپتۇ رىتاك.

— مەن مۇشۇ ئەلنىڭ پادىشاھى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم كۆلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — كۆلنىڭ تېگىدە ئالامەت كاتتا بىر شەھەر بىر بار، ئۇنىڭ ئەتراپى بىر خىروستال شار بىلەن ئوراقلىق. پۇقرالىرىم ئۇ يەردە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لېكىن، يېقىندا بىر ياۋۇز ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن بۇيان بىزگە ئارامچىلىق بولمىدى. شۇڭا، مەن بۇ ئەجدىھانى قىتالايدىغان بىر باتۇر ئەسكەرنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانىدىم!



رىتاڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

— لېكىن، ئالىيلىرى، كىشىلەر مېنى تەلەيسىز ئادەم، باشقىلارغا شۇملۇقتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ.

— ياق، مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن، — دەپتۇ پادىشاھ زور ئىشەنچ بىلەن، — سېنىڭ قاپتەك يۈرىكىڭ بارلىقىنى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سەن راستىنلا باتۇر ئەسكەر ئىكەنسەن! سەن چوقۇم بىزنى ئەجدىھانىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزالايسەن!

پادىشاھنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزى رىتاڭغا مەدەت بوپتۇ. ئۇ پادىشاھقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆل ئاستىدىكى پادىشاھلىقىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ۋە ۋەھشىي ئەجدىھاغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق، ماڭا ئۈچ تال زەھەرلىك يا ئوقى بەرگەيلا، — دەپتۇ رىتاڭ.

رىتاڭ شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ياڭرىغان قورقۇنچلۇق نەرە سادالىسىدىن ئوردا ئىچى لەرزىگە كەپتۇ.

— ئەجدىھا كېلىۋاتىدۇ! تېز قاچايلى! — دەپ تۇۋلىشىپتۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېتىپ.





www.uyghurkitap.com

رىتاڭ ئوقياسىنى ئېلىپ كۆلنىڭ تېگىدىن سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ ـ دە، كۈۋرۈككە كەپتۇ. قارىسا، غايەت چوڭ بىر ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت ـ يالقۇن پۈركۈگىنىچە بۇياققا قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقۇدەك.

رىتاڭ ھودۇقماپتۇ، ئارقىغا يانماپتۇ. ئۇ ئەجدىھانىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تال ئوق ئېتىپتۇ. ئوقلارنىڭ ئىككىسىلا ئەجدىھانىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ، بىراق ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك رىتاڭغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋېرىپتۇ.

ئەمدى ئاران بىر تال يا ئوقى قالدى؟ ئەگەر بۇمۇ كار قىلمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟!

تۇيۇقسىز «ئادەمنىڭ شۆلگىيى ئەجدىھانى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن سۆز رىتاڭنىڭ يادىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ نەمدەپتۇ، ئاندىن بارمىقىنى يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزۈپ ئۇنى نەمدەپتۇ ـ دە، ئوقيانى بەتلەپ ئەجدىھانىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ.





ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! ئەجدىھا يەنە بىرنەچچە قەدەم ئالغا مېڭىپتۇيۇ، يىقىلىپ چۈشۈپ جېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

ئەجدىھانىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پۇقرالار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ رىتاڭنى ماختىشىپتۇ. ئۇلار يەنە رىتاڭغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇر ئەسكەر، ساڭا كۆپتىن كۆپ رەھمەت! سەن بىزنىڭ ئۇلۇغ نىجاتكارىمىز، — دېيىشىپتۇ.

رىتاڭمۇ ئۆزىنىڭ ئەجدىھانى يوقىتىپلا قالماي، كاج تەلەي ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.



# قىزىل ئەجدىھا

ياۋروپا چۆچىكى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىرنەچچە خىل ھايۋاندىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى ھايۋانلار ئارام ئېلىۋاتقاندا، بىر قىزىل ئەجدىھا كېلىپ:

— ئاغىنىلار، قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈن يېتىپ كېلەي دەپ قاپتۇ. دەك! بىز دەرھال قېچىپ جېنىمىزنى دالدىغا ئالمىساق بولمايدۇ! — توۋلاپتۇ.

— قىيامەت قايىم بولىدىغانلىقىنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھايۋانلار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي.

— دېگەنلىرىمنىڭ ئازراقمۇ يالغىنى يوق. كېچىچە ئۇخلىماي يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنى كۆزىتىپ بۇ ئىشنى ئۇقتۇم، — دەپتۇ قىزىل ئەجدىھا، — بولۇڭلار، چاققان ئۇستۇمگە چىقىڭلار! مەن سىلەرنى بىر يەرگە ئاپىراي، ئۇ يەر بۇ يەردىن بىخەتەر!

بارلىق ھايۋانلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ھاپىلا - شاپىلا قىزىل ئەجدىھانىڭ ئۇستىگە يامىشىپتۇ.

— چىقىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەمىسە، بىز ھازىر ئۇچىمىز! — دەپ توۋلاپتۇ قىزىل ئەجدىھا.

— ھەممەيلەن چىقىپ بولدۇق! — دېيىشىپتۇ ھايۋانلار.

قىزىل ئەجدىھا ئۇچۇشقا ھەرىكەت قىپتۇ، ئەمما ئۇستىدىكى يۈكى ئېغىر بولغاچقا، خېلى كۈچەشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ ئاخىر يەردىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

جىمى ھايۋانلارنى مىندۈرۈۋالغان قىزىل ئەجدىھا تولىمۇ ئاستا ئۇچۇپتۇ. لېكىن، ھايۋانلار:

— تېز ئۇچ! تېز ئۇچمامسەن؟ بۇ ئۇچۇشۇڭدا قانداقمۇ خەتەردىن قۇتۇلالايمىز؟ — دەپ توۋلىشىپتۇ.

بىچارە قىزىل ئەجدىھا ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئاخىر داۋاملىق ئۇچقۇدەك ھالى قالماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قىزىل ئەجدىھا بىر تولغىنىۋالغانىكەن، ئۈستىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، قىزىل ئەجدىھانىڭ ئۈستىدىن يىقىلغان ھايۋانلار بىر ئورمانلىققا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆلمەپتۇ، بىراق يىلان تۆت پۇتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆمىلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ؛ بېشى يەرگە قاتتىق سوقۇلغان قۇلۇلىنىڭ بېشىدا بىر مۈڭگۈز پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

پىل، زىراپە، بېگېموتلارنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگۈڭلار بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ يىلان ۋە قۇلۇلىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەپتۇ: بىرمۇنچە چىشى سۇنغان پىل پەقەت ئۇزۇن ئىككى چىشى بىلەنلا قاپتۇ؛ بوينى تولغىنىشىپ كەتكەن زىراپىنىڭ بوينى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئۇزىراپ كېتىپتۇ؛ يىقىلىپ يەرگە چۈشكەندە نەچچە دومىلاپ كەتكەن بېگېموتنىڭ بەدىنى تۇلۇقتا ئوخشاپ قاپتۇ ۋە ئۇ دومىلىغان پېتى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، كۆلدە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، بارلىق ھايۋانلار ئۆزگىرىپ ھازىرقى ھالەتكە كىرىپ قالغانىكەن.

# ھاماقەت دېننىس

ئىتالىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: باسسلاينىڭ)

بۇرۇنىسىدا دېننىس ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن، ھەممەيلەن ئۇنى گومۇش، دەپ ئاتىشىدىكەن. ئېيتىڭا، ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ بار بولسا، بۇ چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

بىر كۈنى ئانىسى نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى بازارغا بارماقچى بولۇپ، دېننىسقا:

— بالام، مەن بازارغا ماڭدىم. بىزنىڭ مېكىيان تۇخۇم بېسىۋاتىدۇ، ھېزى بول، باشقىلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىسۇن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بول، ئاپا، — دەپتۇ دېننىس، — ھېچكىمنى كاتەككە يولاتمايمەن.

— ئېسىڭدە بولسۇن، — دەپتۇ ئانا جېكىلەپ، — ئۆينى بىسەرەمجان قىلىۋەتمە، قاچا - قۇمۇچ ئىشكاپىدىكى قۇتىلارغا تەگمە، ئۇلارغا زەھەرلىك دورا قاچىلانغان.

— چاتاق يوق، ئاپا، دېگەنلىرىڭنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن، سەن خاتىرجەم كېتىۋەر، — دەپتۇ دېننىس بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا.

ئانا بازارغا كېتىپتۇ. دېننىس توخۇ كاتىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ مېكىياننى قورۇقداپ تۇرۇپتۇ.



تۇخۇمنى باستۇرۇپ يېتىۋېرىپ ھېرىپ كەتكەن مېكىيان ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتلىرىنى بىردەم سوزۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، دېنىنىس قولىغا بىر كالتەكنى ئاپتۇ - دە، مېكىيانغا ھەيۋە قىلىپ:

— چاققان تۇخۇم باستۇرۇپ يات، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

دېنىنىسنىڭ يولسىزلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن مېكىيان قاناتلىرىنى قاققان پېتى بەدەر قېچىپتۇ. دېنىنىس كالتەكنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلاپتۇ.

مېكىيان قاقاقلاپ قېچىپتۇ، ئەمما ئانچە يىراققا بارمايلا دېنىنىس يېتىشىۋاپتۇ. ئۇ كالتەك بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، مېكىيان ئۆلۈپ قاپتۇ.

تۇخۇملارنى باستۇرىدىغان مېكىيان يوق بولدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېنىنىس مېكىياننىڭ ئورنىدا ئۆزى تۇخۇم باستۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، توخۇ تۇخۇملىرى دېنىنىسنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ دېنىنىس تۇخۇملارنى ئەمدىلا باستۇرۇشىغا، ھەممىسى چېقىلىپ كېتىپتۇ!

دېنىنىسنىڭ ئىشتىنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ: «ئاپامنىڭ تازا ئاچچىقى كېلىدىغان بولدى. قانداق قىلسام ئۇنى خۇشال قىلالارمەن؟ توغرا، ئاپام بازاردىن كەلگۈچە، مەن چۈشلۈك تاماقنى ئېتىپ قوياي!» دەپ ئويلاپتۇ.



لېكىن، ئاشخانىدا ھېچنېمە يوق ئىكەن. تۇيۇقسىز ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈپ قويغان ھېلىقى مېكىياننى ئېسىگە ئاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دېنىنىس مېكىياننى يۇڭداپ، تازىلاپ، تام ئوچاقتا سېلىپ توخۇ كاۋىپى پىشۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، توخۇ كاۋىپىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ماي ئۆرلەپ چىقىپ بىدژىلداشقا باشلاپتۇ، كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆينى بىر ئاپتۇ.



ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلگەن دېنىس قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىدىچە، ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ماختىغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

«مېكىيانىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىم بىلەن، مانا ئەمدى قالتىس ئىش قىلىۋەتتىم! — دەپتۇ دېنىس ئۆز - ئۆزىگە، — ئەمدى ئاپام تازا خۇش بولۇپ كېتىدىغان بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭ كايىشلىرىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم. يەنە نېمە قىلسام بولار؟ ھە، ئەمدى يادىمغا كەلدى! ئاپامنىڭ چۈشلۈك تامىقىدا تاتلىق ئۈزۈم ھارىقى كەم بولسا بولمايدۇ. گەمىگە چۈشۈپ ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ چىقاي!»

دېنىس گەمىگە چۈشۈپتۇ. گەمىدە بىرمۇنچە ھاراق تۇڭلىرى بار ئىكەن. دېنىس ئەڭ يوغان ھاراق تۇڭىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ئۇ تۇڭنىڭ جۈمەكىنى ئاچقانىكەن، كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان قىزىل ئۈزۈم ھارىقى قاچىغا ئېقىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئاشخانىدىن «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قاپتۇ.

«ئۇ كىمدۇ؟ بېرىپ قاراپ باقاي!»

دېنىس ئالدىراپ - تېنەپ گەمىدىن چىقىپتۇ، ئەمما ئالدىراشچىلىقتا تۇڭنىڭ جۈمەكىنى ئېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئۇ ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرسە، بىر مۈشۈك توخۇ كاۋىپىنى چىشلەپ تۇرغۇدەك، كاۋاپدان بولسا يەردە ياتقۇدەك.

— ھەي ئاچ كۆز، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ قوي كاۋاپنى! چاققان قوي دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ دېنىس.

مۈشۈك توخۇ كاۋىپىنى چىشلەپ سۆرىگىنىچە يەنە بىر ئۆيگە قېچىپتۇ. دېنىس بىر نوغۇچنى ئېلىپ ئۇنى قوغلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇك قېچىپتۇ، دېنىس قوغلاپتۇ. ئۇلار ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈ-
رۈپ جوزا بولامدۇ، ئىشكاپ بولامدۇ، ئورۇندۇق بولامدۇ، ئۇچرىغانلىكى
نەرسىلەرنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. لوڭقا، قازان، چەينەك، چىنە - تەخسىلەر جاراڭ-
شىپ چېقىلىپتۇ. دېنىس بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي مۇشۇكنى قوغلاپتۇ.
مۇشۇك توخۇ كاۋىپىنى تاشلاپ، ئۆزىنى دېرىزىدىن سىرتقا ئاتقاندىلا، ئاد-
دىن بۇ مالىمانچىلىق ئاياغلىشىپتۇ.

دېنىس جوزىنى جايىغا قويۇپتۇ، توخۇ كاۋىپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستى-
گە قويۇپتۇ. ئۇ هاراق ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ گەمىگە چۈشسە، تۇڭدىكى
هاراق ئېقىپ يەرنى بىر ئاپتۇدەك.

بۇ هالنى كۆرۈپ دېنىسنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ.

«ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان! — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — يەردىكى
هاراقنى سۈرتۈۋەتمىسەم بولمايدۇ. توغرا، مەن بىرئاز قۇم ئېلىپ كەلسەم
بولغۇدەك، بىراق بۇنداق قىلسام بەك جاپا تارتىپ كېتىمەن. ئەڭ ياخشىسى
باشقا ئامال تاپاي.»

ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.



دېنىس ئامال - چارە تېپىشنىڭ كويىدا بوپتۇيۇ، جومەكنى ئېتىۋېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭدىن يەرگە ئاققان ئۈزۈم ھارىقى دېنىسنىڭ ئوشۇقىغا چىقىپتۇ.

دېنىس بىردىنلا تۇۋلىۋېتىپتۇ:

— تاپتىم! ئامال تاپتىم!

دېنىس نېمە ئامال تېپىپتۇ دېمەمسىلەر. ئۇ ئۇن خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئۇننى يەرگە ئوچۇملاپ چېچىشقا باشلاپتۇ.

«قۇرۇق ئۇن ھاراقنى سۈمۈرۈۋالسا يەرمۇ قۇرۇپ قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، گەمىگە كىرسەم ئايىغىم ھۆل بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ دېنىس ئۆزىنىڭ تاپقان ئامالىدىن خۇش بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ، دېنىس بىردەمدىلا بەش خالتا ئۇننى چېچىۋېتىپتۇ. يەرگە بىر قەۋەت قىزىل رەڭلىك شىلىم يېپىشىلغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

دېنىس گەمىدىن چىققاندا، ئايىغىغا قىزىل رەڭلىك شىلىم چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھاراق قاچىسىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قويماقچى بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قىزىل رەڭلىك ئاياغ ئىزى قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جوزا - ئورۇندۇقلار ئۆرۈلگەن، قاچا - قۇمۇچلار چېقىلغان، ئىشقى-
لىپ ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ، شۇقەدەر كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن.
بۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان دېنىس ئانىسىنىڭ ئەدەپلىشىدىن
ئەنسىرەپ قاپتۇ.

«ئاپام مېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ يىغلامسى-
راپ، — تاياقنىڭ چوڭىنى يەيدىغان بولدۇم... ھەي، بۇ كۈننى كۆرگۈچە،
زەھەر ئىچىپ ئۆلۈپلىۋالسام بولمىدىمۇ!»

دېنىس قاچا - قۇمۇچ ئىشكاپىدىكى بىر كونسىرۋا قۇتىسىنى ئاپتۇ.
ئەسلىدە ئۇنىڭدا قايماق بار ئىكەن، ئانىسى ئوغرىلىقچە يەپ يۈرمىسۇن
دەپ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدا زەھەر بار، دەپ قويغانىكەن.

دېنىس قۇتىدىكى نەرسىنىڭ قايماق ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەپ-
تۇ. ئۇ بۇنى يېيىشكە تەمشىلىپتۇ، بىراق شۇ ھامان بۇنداق قىلىشنىڭ
ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ئۇ ھاماقەت
بولغان تەقدىردىمۇ زەھەرنى يېمەسلىكى كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ دېنىس.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتىدىكى نەرسىنى يېمەپتۇ.

«ئەڭ ياخشىسى، مەن يوشۇرۇنۇۋالاي. بۇنداق بولغاندا، ئاپام ئۇراي
دېسىمۇ مېنى تاپالماي-
دۇ» دەپ ئويلاپتۇ دې-
نىس.



دېنىسنىڭ ئانىسى
بازاردىن قايتىپ كەپتۇ.
ئۇ ئۆيدىكى قالايمىقان-
چىلىقنى كۆرۈپ چۆ-
چۈپ كېتىپتۇ. ئۇياق -
بۇياققا قارىسا، دېنىس
يوق تۇرغۇدەك. بىر
چاغدا ئۇ ئىككى پۇت-
نىڭ تام مەشنىڭ ئىچى-
دىن سىرتقا چىقىپ
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
قاپتۇ.

قاتتىق ئاچچىقى
كەلگەن ئانا ئېتىلىپ
بارغىنىچە دېنىسنى تام
مەشنىڭ ئىچىدىن تار-
تىپ چىقىپتۇ.

— ھەي بەگۋاش، مەن بازارغا ماڭغۇچە ساڭا نېمە دېگەنىدىم؟ ئۆينى
شۇنداقمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەن بارمۇ؟ شۇ تاپتا سېنى قانداق ئەدەپلىشىمنى
بىلەلمەيلا قالدىم! — دەپتۇ ئانا ۋارقىراپ.

دېنىنس يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەينى پېتى ئانى-
سىغا ئېيتىپتۇ. ئوغلىنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئانىنىڭ ئاچ-
چىقى يېنىپ قاپتۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىمەن دەپ ئىشنى
قاملاشتۇرالماي قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئانىنىڭ ئاچچىقى يېنىپتۇ. ئۇ دېنىنسنىڭ خاتالىقىنى يۇيۇشىغا پۇر-
سەت بەرمەكچى بوپتۇ.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! — دەپتۇ ئانا، — بۇ قېتىم سېنى كەچۈرەي.
سەن بۇ بىر ئورام رەختنى بازارغا ئاپىرىپ ياخشىراق باھادا سېتىپ پۇل
قىلىپ كەل.

دېنىنس رەختنى قولتۇقىغا قىسىپ بازارغا مېڭىپتۇ.

بازارغا بارغاندىن كېيىن، دېنىنس يۇقىرى ئاۋازدا:

— رەخت ساتىمەن، رەخت! — دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ.



بىر نەچچە ئايال ئۇ-
نىڭ ئەتراپىغا ئولى-
شىپ، ئاغزى - ئاغزى-
غا تەگمىگەن ھالدا:

— ھەي بالا، بۇ
قانداق رەخت؟ رەختىڭ
يۇمشاقمۇ؟ چىداملىق-
مۇ؟ ئۇزۇنلۇقى قانچى-
لىك؟ قانچە پۇلغا سا-
تىسەن؟ — دەپ سورى-
شىپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي،
سىلەر نېمىدېگەن
كوت- كوت. چاققان
يولۇڭلارغا مېڭىڭلار!
ۋات - ۋات ئاياللارغا
رەخت ساتمايمەن! —
دەپتۇ دېنىنس.

ئۇ شۇ گەپنى قى-
لىپ بولۇپلا كېتىپ
قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېننىس كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدىكى بىر ھەيكەلنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى بىر سالاپەتلىك مۆتىۋەر دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ياخشىمۇسىز، ئەپەندى، بۇ رەختنى سېتىۋالغۇڭىز بارمۇ؟ ھوي، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ بىلدىم، ئۇندىمەگىنىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ رەختنى سېتىۋالغۇڭىز بار ئوخشايدۇ - ھە؟ — دەپتۇ ئۇ.

دېننىس قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان رەختنى ھەيكەلنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

— رەختنى ساتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا دېننىستىن.

— ھەئە، بىر مۆتىۋەرگە ساتتىم، — دەپتۇ دېننىس.

— قانچە پۇلغا ساتتىڭ؟

— ئاپلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن! — دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپتۇ دېننىس، — ھازىرلا بېرىپ پۇلنى ئەكىلەي.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بازارغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ھېلىقى ھەيكەلنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان رەخت يوق تۇرغۇدەك. دېننىس ھەيكەلگە:

— مەن سىزگە ساتقان رەختنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويۇپسىز - دە! قېنى، پۇلنى بېرىۋېتىڭ! — دەپتۇ.

ھەيكەل شۇ پېتى تۇرىۋېرىپتۇ. دېننىس ئۇنىڭدىن جاۋاب چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا بىر كالتەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ.



ھەيكەلنىڭ بېشى ئۈزۈ-
لۈپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ-
تۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان
قانداقتۇر بىرنېمىلەر جىرىڭ-
لىغان پېتى تەرەپ - تەرەپكە
چېچىلىپتۇ. دېنىنىس ئۇلاردىن
بىرىنى ئېلىپ قارىسا، تىللا
ئىمىش!

دېنىنىس تىللالارنى ھاپىلا-
شاپىلا يىغىۋاپتۇ ۋە ھەيكەلنىڭ
بېشىنى يەم بىلەن جايىغا ئور-
نىتىپ قويۇپ ئۆيىگە قاراپ
يۈگۈرۈپتۇ.

دېنىنىس تىللالارنى جوزى-
نىڭ ئۈستىگە تۆككەندە، ئا-
نىسى ئاغزى گەپكە كەلمەي،
كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى
قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى،
ئۇ ئۆمرىدە بۇنچە كۆپ تىللا-
نى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاند-
كەن!

— بۇ... بۇ نېمە گەپ؟...
بۇنچە كۆپ تىللانى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ ئانا ئاخىر زۇۋانغا
كېلىپ.

— سەن توقۇغان رەختنى ساتتىم!

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ! قانداق بولۇپ شۇنچە كۆپ پۇلغا ياراپ
قالغاندۇ؟

— مەن رەختنى سالاپەتلىك بىر مۆتىۋەرگە ساتتىم. ئۇ قىزىق ئادەم
ئىكەن، زادىلا گەپ قىلمايدىكەن، بىرمۇنچە تىللانى كاللىسىغا قاچىلىۋالغا-
نىكەن، — دەپتۇ دېنىنىس.

ئانىسى دېنىنىسنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ
كېتىپتۇ:

— سەن شۇ چاغقىچە ئەخمىقانە ئىشلارنىلا قىلىپ كەلدىڭ، مەن سېنى
ئەيىبلەپ كەتمىدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قاملاشمىغان گەپلەر بىلەن
مېنى كولدۇرلاتقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ بەكلا ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ! يو-
قال، يوقال كۆزۈمدىن!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىچارە دىننىس ئىشىك ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيدە شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. تېخىچە ئاچچىقى يانمىغان ئانا قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپتۇ.

ئانىنىڭ ئاتقىنى بىر سېۋەت ئىكەن. سېۋەتتە قۇرۇتۇلغان ئەنجۇر بىلەن ئۈزۈم بار ئىكەن.

— ئاپا، ئاسماندىن قۇرۇتۇلغان ئەنجۇر بىلەن ئۈزۈم ياغدى! — دەپ توۋلاپتۇ دىننىس.

ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «بۇ بالامنىڭ كاللىسىنىڭ راستتىنلا دەردى بار ئوخشايدۇ» دەپ، كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بوپتۇ.

دىننىس كىشىلەرگە ئۈزلىرىنىڭ نۇرغۇن تىللاسى بارلىقىنى ئېيتىۋەرگەچكە، بىر كۈنى سوت مەھكىمىسىدىكىلەر ئۇنى چاقىرتىپتۇ.

— مەن ئاپام بەرگەن رەختنى بىر مۆتىۋەرگە ساتتىم. ئۇ گەپ قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن، — دەپتۇ دىننىس.

— ئۇ دېگەن بىر ھەيكەل! — دەپتۇ سوتچى ئاچچىقلىنىپ.

— بوپتۇ، ئۇنى ھەيكەل ئەيەندى دەپ ئاتىساقمۇ بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ دىننىس، — ئۇ تىللالارنى كاللىسىغا قاچىلىۋالغانىكەن.





دىننىسنىڭ ئالتاغىل سۆزلىرى سودىيىلەرنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ.

— بۇ ئىش قاچان يۈز بەرگەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر سودىيە تېرىككەن ھالدا.

— ئاسماندىن قۇرۇتۇلغان ئەنجۈر بىلەن ئۈزۈم ياغقان كۈن ئېسىڭىزدە بارمۇ، ئەپەندى؟ بۇ ئىش دەل شۇ كۈنى يۈز بەرگەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىننىس كۆزىنى مىت قىلماستىن.

سوتچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. ئەمدى ئۇلار دىننىسنى راستىنلا بىر گومۇش بالا ئىكەن، دەپ جەزىملەشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

راست گەپنى قىلغاندا، دىننىس گومۇشراق، ئەمما ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي، شۇنداقلا ھېچكىمگە ئۇنىڭ زىيىنى تەگمەيدۇ. بۇ نۇقتا ئەڭ مۇھىمدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

小锡兵:维吾尔文/(丹)安徒生(Andersen,H.C.)等著；苏真等译；卡德尔·阿尔斯郎译.—北京：民族出版社，2005.5（2013.12重印）
ISBN 978-7-105-06938-5

Ⅰ.小... Ⅱ.①安...②苏...③卡... Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I18

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第031853号

小锡兵

责任编辑：热沙来提
责任校对：胡达拜地
制　　版：海龙视觉
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862(维文室)
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
经　　销：各地新华书店
版　　次：2005年5月第1版　2013年12月北京第7次印刷
开　　本：787毫米×1092毫米　1/16
印　　张：7.125
ISBN 978-7-105-06938-5/I・1516(维218)
定　　价：12.00元



ISBN 978-7-105-06938-5
9 787105 069385 >
定价：12.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com